ئومۇمىي 34-سان
2022 ئىيۇن



# ئۇيغۇرلار
## The Uyghurs

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى
The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

20 يىلدىن كېيىن
46



ئۇمىدسىزلىكنى قانداق يېڭىمىز؟
29



ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش
1



2022 ئىيۇن
ئومۇمىي 34-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمدە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئۆتكۈر ئالماس

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.
مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.

6 009800 461091 >



# مۇندەرىجە


## مىسلىسىز ئويغىنىش

ئۇمىدسىزلىكنى قانداق يېڭىمىز؟

ناتونۇش مۇھىت تەشۋىشى 69

## خىتاي تەتقىقاتى

ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش

## خەلقئارا ۋەزىيەت

ئامېرىكانىڭ چېكىنىشى

تۈركىيە-سەئۇدى ئەرەبىستان مۇناسىۋەتلىرى 111

## گۇلىستان

20 يىلدىن كېيىن

پەرزەنتلىرىمىزنى تېخىمۇ ئەقىللىق قىلالامدۇق؟ 104


**مۇقاۋىدىكى رەسىملەر سۈبھى بۆرە خانىمنىڭ رۇخستى بىلەن بېسىلدى**














## تارىخ ۋە بىز

رۇسىيە ۋە خىتاي مۇناسىۋەتلىرى 55

دۆلەتلەرنىڭ ئۆمرى 51

## ھېكمەتلەر

مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپلارنىڭ نادىر سۆزلىرىدىن ئۆرنەكلەر 117

## ساغلاملىق

چوڭ مېڭىنىڭ ئەسنى ياخشىلاش فۇنكسىيىسى 85

## ئۇيغۇر تەتقىقاتى

قەشقەرىيە دۆلىتىنىڭ ئەسكىرىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى 35

## مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام

ئىسلامدا ئاياللارنىڭ ئورنى 74



# ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش

# THE WAR ON THE UYGHURS

شان روبېرتس



Internal Campaign
a Muslim Minority

# ئۆلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇش

(بېشى ئالدىنقىساندا)

خىتاي نۆۋەتتە ئۇيغۇر دىيارىدا يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسەت بۇ مىللەتنىڭ كوللېكتىپ كىملىكى ۋە كۇلتۇرەل نامايەندىلىرىنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان سىستېمىلىق ئۇرۇنۇشتۇر. خىتاينىڭ بۇ ھەرىكىتى زوراۋانلىققا تولغان، ئىنچىكە پىلانلانغان ۋە ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئوچۇق-ئاشكارىدۇر. بۇ مۇجادىلە داۋاملىق تۈردە ئۇيغۇر خەلقىدىن كېلىدىغان «تېرورلۇق تەھدىتى»نى يوقىتىش ئۇرۇنۇشى دەپ تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنىڭ بۇ ئەمەسلىكى شۇ قەدەر ئېنىق. ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن سادىر قىلىنغان زوراۋانلىقنىڭ 2016 - يىلىلا، يەنى، مەزكۇر مۇجادىلە باشلىنىشتىن بۇرۇنلا كۆرۈنەرلىك ئازايغانلىقىنى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۇرمۇشىدا قايتا كۆرۈلمىگەنلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، ھېلىھەم دۆلەت يېتەكچىلىكىدىكى ئۇيغۇر كۇلتۇرىنى يوقىتىش مۇجادىلىسىنى ئاقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىۋاتقان «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» شوئارلىرىنىڭ بۈگۈن بۇ رايوندىكى كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن رەھىمسىز چاقچاقتەك ئاڭلىنىشى مۇقەررەر. ئەكسىچە، خىتاي (ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان)دىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئىلگىرىكى كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكى تارىخىدىكى مۇشۇ خىل ھادىسىنىڭ باشقا نۇرغۇن مىساللىرىغا تولىمۇ ئوخشايدۇ. ئۆتمۈشتىكى مۇستەملىكىچىلىكنىڭ نۇرغۇن مىساللىرىغا ئوخشاشلا، بۇ كەچمىشنىڭ مەركىزىدە كەڭ كۆلەملىك جازا لاگېرلىرى تورى بار. شەرقىي تۈركىستاندىكى بىر خىتاي ئەمەلدارنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ لاگېرلارنىڭ يەرلىك خەلقلەرگە بولغان تۈتۈمى «ئۆلارنىڭ نەسەبىنى، يىلتىزىنى، باغلىنىشىنى ۋە مەنبەسىنى بۇزۇش»تۇر (115). بۇنى نوقۇل جازا لاگېرلىرى ئارقىلىقلا تامامەن ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇمكىن ياكى ئەمەسلىكى ئېنىق ئەمەس، ئەمما بۇ بابتا قەيت قىلىنغان باشقا سىياسەتلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، خىتاي دائىرىلىرى ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئاشۇ نىشانىنى سىستېمىلىق ھالدا ئىشقا ئاشۇرماقچى بولۇۋاتقاندەك قىلىدۇ. بەختكە قارشى، ھازىرچە ئۆلار (بۇ جەھەتتە) مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندەكمۇ قىلىدۇ.

# خاتىمە

خىتاي (ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان)دىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەنلەر ئوچۇق ـ ئاشكارە كۈلتۈرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتنىڭ پاجىئەسىدۇر. بۇ مۇشۇ خىل پاجىئەنىڭ تارىختا تۇنجى قېتىم يۈز بېرىشىمۇ ئەمەس، ئۇ ھەتتا 21 ـ ئەسىر كىرگەندىن ھازىرغىچە يۈز بەرگەن ئەڭ قاباھەتلىك ئىنسانىيەت تراگېدىيەسىمۇ بولماسلىقى مۇمكىن. ھالبۇكى، بۇ يەرشارىۋى پاجىئە بولۇپ، پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدىكىلەرنىڭ ئىنكاس قايتۇرۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ كىتابنىڭ مۇستەملىكىچىلىك بىلەن «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش»نىڭ بىرىكمىسىنىڭ ـــ بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىكمىسى خىتاينىڭ دۆلەت يېتەكچىلىكىدىكى، ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئومۇميۈزلۈك ئۇرۇشىغا باراۋەردۇر ـــ مەزكۇر پاجىئەنىڭ راۋاجلىنىشىغا قايسى رەۋىشتە تۈرتكە بولغانلىقى توغرىسىدىكى باياننى يىغىنچاقلىغاندا، مەن ئۇنىڭ كەلگۈسى يۈزلىنىشى توغرىسىدىكى مۇنداق ئۈچ مۇھىم سوئالغا جاۋاب بېرىشكە تىرىشىمەن: 1) ئۇيغۇر كۈلتۈرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنىڭ مەنتىقىلىق خۇلاسىسى نېمە؟ 2) بۇ پاجىئە «تېررورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نىڭ كەلگۈسىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ 3) بۇ پاجىئەنىڭ تېخىمۇ ئەدەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىش مۇمكىن؟

## ئۇيغۇر كۈلتۈرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنىڭ مەنتىقىلىق خۇلاسىسى نېمە؟[1]

ئالدى بىلەن، ئەڭ مۇھىمى، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان كۈلتۈرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلمىشىنىڭ ئاخىرقى نىشانىنى پەرەز قىلىش كېرەك. خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىلمىشلىرىنىڭ كۆپ خىل مۇددىئاسى بار. ئۇ پارتىيەنىڭ مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى، جۈملىدىن مەزكۇر ئەھۋالدىكى ئاتالمىش

[1] ئاپتور كىتابنى يېزىۋاتقاندا ئۇيغۇرلارغا قىلىنىۋاتقان تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز زۇلۇم تېخى خەلقئارادا رەسمىي رەۋىشتە «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئېتىراپ قىلىنمىغان ئىدى. ئوقۇرمەنلىرىمىز بۇ نۇقتىنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغاي.

«تېررورلۇق» مەسىلىسىنى ئۇنۇملۇك ۋە كۈچلۈك رەۋىشتە ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇ خىتايدىكى باشقا ئۆكتىچىلەر ئۈچۈنمۇ ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىدۇر. ئۇ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ ھەتتا دۆلەتنىڭ نەزىرىدىكى يېڭى مىللىي كىملىك ئۇقۇمىنىڭ ئۆرنىكى بولالايدۇ. ھالبۇكى، مېنىڭچە دۆلەت يېتەكچىلىكىدىكى بۇ كۈلتۈرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئاساسلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ئاملى ئۇيغۇر دىيارىغا قارىتىلغان كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكىدۇر. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى مۇشۇ قېتىمدا ئۇيغۇر دىيارىنى تېخىمۇ بىر خىللاشقان، خىتايلارنى مەركەز قىلغان دۆلەتكە تەلتۆكۈس بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى (ئۆز ئۆلكىلىرىگە ئوخشاش، ت) چەكلىمىسىز ھالدا قايتا تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ ھېچ بولمىغاندا 1990 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن، بولۇپمۇ 2000 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپلا، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مەزكۇر رايوندىكى نىشانى بولۇپ، خىتاي كومپارتىيەسى مەزكۇر مەقسەت ئۈچۈن رايوننىڭ تەرەققىياتىغا مىليارد دوللارلاپ مەبلەغ سالدى. بۇ خىل تەرەققىياتقا، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ياندىشىپ كەلگەن ئاسسىمىلياتسىيە سىياسەتلىرىگە، خىتايلارنىڭ ئېقىپ كىرىشىگە ۋە بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىرىلغان خەۋپسىزلەشتۈرۈشكە دۇچ كەلگەن نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ئاندا ـ ساندا ـــ گاھىدا زوراۋانلارچە ـــ قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇ خىل قارشىلىقنىڭ 2013 ـ يىلىدىن 2015 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ بۇ خەلقنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىشنى قارار قىلدى. بۇنداق بولغاندا خىتاي بۇ رايوننى ئۆزىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى سۈپىتىدە، چەكلىمىسىز تەرەققىي قىلدۇرالايتتى.

گەرچە مەزكۇر رايوندا ھېس قىلىنغان (ئاتالمىش) «تېررورلۇق تەھدىتى»نى يوقىتىش ئەزەلدىن (خىتاينىڭ بۇ رايوندىكى قىلمىشلىرىنى سادىر قىلىشىدىكى، ت) ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپ باقمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر خەلقىدىن «تېررورلۇق تەھدىتى» كېلىدۇ دېگەن قاراش ئىزچىل ھالدا كۈلتۈرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ يادروسى بولۇپ كەلدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ. بۇ رايوندىكى زوراۋانلىقنىڭ ئىدراكتىن خالىي «ئاشقۇنلۇق»تىن ۋە خەلقئارالىق «تېررورلۇق تەھدىتى»دىن مەنبەلەنگەن دەپ خاراكتېرلىنىشى، دۆلەتنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر قانداق قارشىلىقىغا زوراۋان ۋە بىئوپولىتىكىلىق ئىنكاس قايتۇرۇشنى يوللۇقلاشتۇرۇشقا ياردەم بەردى. شۇ ۋەجىدىن، شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەككى، بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر دىيارىدا كۈلتۈرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى سادىر قىلىۋاتقان ۋە قوللاۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭ ئۇيغۇر كۈلتۈرى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنى يۇقۇملاندۇرغان «ئاشقۇنلۇق» ۋىرۇسى كەلتۈرۈپ چىقارغان ھايات ـ ماماتلىق «تېررورلۇق تەھدىتى»گە قايتۇرۇلغان ئىنكاس ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشىنىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، دۆلەتنىڭ (بۇ جەھەتتىكى) نىشانى ۋە ھەقىقىي مۇددىئاسىنىڭ «تېررورلۇق» بىلەن ئاساسەن ياكى پەقەتلا مۇناسىۋىتى يوق. بۇنىڭدىكى نىشان مەزكۇر رايوننى ئۇيغۇرچە خۇسۇسىيەتلىرىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ چوڭ ۋە بىرلىككە كەلگەن «خىتاي جەمئىيىتى» ئۇقۇمىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە تەرەققىي قىلدۇرۇشتۇر.

بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ھەم ئۇيغۇرلارغا، ھەم خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە نىسبەتەن جەلپ قىلىش كۈچىگە مۇرەسسە ئۇسۇلىنى تەسەۋۋۇر قىلىش بەسى مۈشكۈل. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە، 1940 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا قىسقا مۇددەت بۇ رايوننى باشقۇرغان بىرلەشمە ھۆكۈمەت دەۋرىدىكىگە ئوخشاش، ھەتتا 1980 ـ يىللاردىكى كۇلتۇرەل ۋە دىنىي ئەركىنلىككە رۇخسەت قىلىنغانغا ئوخشاش، ئورتاق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئەندىزىسىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. ئوخشاشلا، خىتاينىڭ نۆۋەتتە سىياسىي ئەيىبلەشلەر تۈپەيلىدىن كەڭ كۆلەملىك جازا لاگېرلىرىغا ياكى تۈرمىلەرگە قامالغان بارلىق ئۇيغۇرلارنى تۇيۇقسىز قويۇپ بېرىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى بۇ ئىنتايىن غەزەپلەنگەن كىشىلەرنى (جەمئىيەتكە) قويۇپ بەرگەنلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ خەۋپى (خىتايغا نىسبەتەن) ھەتتا 2014 ـ 2015 ـ يىللىرى بۇ رايوندىكى زوراۋانلىق ئەڭ يۇقىرى چەككە چىققان چاغلاردىكىدىنمۇ زور بولىدۇ. دەرۋەقە، يېقىنقى دوكلاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، 2019 ـ يىلى يازدىن باشلاپ، رايوننىڭ ۋەزىيىتى يۇمشاشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنى ماداراچىلىق ياكى كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن ۋاز كەچكەنلىك دەپ قارىۋېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

2019 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، بىر قىسىم يېپىق لاگېرلار خەلقئارالىق مۇخبىرلارغا كۆرسىتىلگەن ۋە ئۇلارنىڭ لاگېرلاردىن «ئوقۇش پۈتتۈرگەن»، ئىنچىكە تاللانغان «ئوقۇغۇچى»لارنى زىيارەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنغان. ئەمما، بۇ مۇخبىرلار باشقا لاگېرلارنىڭ ھېلىھەم مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۆزلىرى پاراڭلاشقان «لاگېرنى پۈتتۈرگەنلەر»نىڭ خاتا سۆزلەپ قويۇشتىن قورقۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن (1). خەۋەرلەرگە كۆرە، 2020 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، لاگېرلارنى تاقاشتىن باشقا، شەھەر ـ بازارلاردىكى روشەن خەۋپسىزلەشتۈرۈش تەدبىرلىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈشكە كۈچ چىقىرىلغان. مەلۇم بىر مەنبەگە كۆرە، شەھەر مەركىزىدىكى نۇرغۇن تەكشۈرۈش نۇقتىلىرى ئېلىۋېتىلگەن، بىر قىسىم «قولايلىق ساقچى پونكىتلىرى» تاقالغان، كوچىلاردا ئۇيغۇرلار كۆپەيگەن (2). ھالبۇكى، بۇ خەۋەرلەردە نازارەت قىلىش سالمىقىنىڭ ھېلىھەم ناھايىتى ئېغىر ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن كوچىدىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى لاگېر مەسىلىسى توغرىسىدا گەپ قىلىشنى خالىمىغان، كوچىلاردا ساقاللىق ئەرلەر ۋە روماللىق ئاياللاردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

2017 ـ يىلىدىن باشلاپ مەۋجۇت بولغان مۇكەممەل ساقچى دۆلىتىدىكى ۋەزىيەتنىڭ بۇ رەۋىشتە يۇمشىشى ـــ ئەگەر بۇ خىل يۇمشاش داۋاملاشسا ـــ يەرلىك خەلق ئوخشاش مەجبۇرلىنىش بېسىمىغا دۇچ كېلىدىغان، ئەمما بۇ خىل بېسىم تېخىمۇ ئەپچىللىك بىلەن يوشۇرۇلغان ۋە سايىھەتچىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ يېقىشلىق بولغان يېڭى نورمال ھالەتتىن دېرەك بېرىشى مۇمكىن. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، خەلقنىڭ خېلى زور قىسمىنى خالىغانچە لاگېرغا سولاش ئەندىزىسى، تەدرىجىي ھالدا لاگېرغا ۋە تۈرمىگە سولاش تەھدىتى كىشىلەرنى كونترول قىلىش ۋە تىنچلاندۇرۇشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە قوللىنىلىدىغان سىستېمىغا ئورۇن بوشىتىشى مۇمكىن. ئۆز كۇلتۇرىدىن مەھرۇم قىلىنىشقا ھەمدە ئىختىيارىي ئاسسىمىلياتسىيە بولۇشقا ياكى ئۆز ـ ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا ئۇنىمىغانلار مەڭگۈ قاماقتا يېتىۋېرىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىرتتا

ياشىشىغا رۇخسەت قىلىنغانلار خىتاينىڭ ئۆز ۋەتىنىنى (شەرقىي تۈركىستاننى) مۇستەملىكە قىلىش ۋە ئۇيغۇر كۈلتۈرىنى ۋەيران قىلىش شەرتلىرىگە ئۈن - تىنسىز قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولغان. ئەگەر ئۇلار خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى پىلانلىرىغا قارشى تۇرۇش ئالامەتلىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىسا، ئۇلار يەنىلا لاگېردا ياكى تۈرمىدە يېتىۋاتقانلارغا قوشۇلۇشى مۇمكىن. مۇددەتسىز داۋاملىشىشى مۇمكىن بولغان بۇ خىل تىزگىنلەش سىستېمىسىدا، كۈلتۈرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ توختىتىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە ھېچقانداق ئاساس يوق. شۇنداقلا، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمى تەلتۆكۈس تازىلىنىپ، ئۇيغۇر خەلقىدىن (قىلىنغان زۇلۇملار سەۋەبلىك) كەچۈرۈم سورالمىغان تەقدىردە، بۇ قىرغىنچىلىقنى توسىيالايدىغان نەرسە يوقنىڭ ئورنىدا.

ھازىر دۆلەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەرىكەتلەر ۋە ئۆتمۈشتىكى كۆچمەنلەر مۇستەملىكىسىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ كۈلتۈرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن. مەزكۇر رايون ئەمدى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دەپ ئاتالماستىن، «شىنجاڭ» دەپلا ئاتىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ نوپۇسىنىڭ كۆپ قىسمىنى خىتايلار تەشكىل قىلغان بولىدۇ. قەشقەرگە ئوخشاش ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر شەھەرلىرىدە ئاساسلىقى خىتايلار ياشايدىغان بولىدۇ، ساياھەت مەقسەتلىرى ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويۇلغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا بۇ يەردە ياشاپ باققانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ھەرقانداق ئىزنالار يوقىتىۋېتىلىدۇ - دە، بۇ يەرلەر خىتاينىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئادەتتىكى خىتاي شەھەرلىرىدىن ھېچ پەرقلەنمەس بولىدۇ. پەۋقۇلئاددە خورىتىلغان ۋە روھىي زەخمىگە ئۇچرىغان بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار ساقلىنىپ قالىدۇ، ئەمما ئۇلار ئۆز تارىخى، كۈلتۈرى ۋە تىلىدىن مەھرۇم قىلىنغان ھالدا، ئۆز ۋەتىنىدە چەتكە قېقىلىدۇ. بەلكىم ئۇلار ئۆزلىرىگە يېقىن جايدىكى «ھەمراھ زاۋۇت»لاردىكى تۆۋەن مائاشلىق ئەمگەككە باغلانغان ناچار شارائىتتىكى چۈشكۈنلەشكەن جەمئىيەتكە ياكى ئەڭ ئاخىرىدا «ئايرىۋېتىلگەن رايون»غا مەھكۇم قىلىنىشى مۇمكىن. گەرچە بۇ مىللەتنىڭ سىمۋوللۇق ئەزالىرى مائارىپ ۋە چىدام ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قەد كۆتۈرۈپ، خىتايلار ھۆكۈمران ئورۇندىكى ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىگە، ھەتتا سەرخىللار قاتلىمىغا كىرەلىشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما بۇ پەقەت خىتاي كۈلتۈرىگە تولۇق سىڭىپ كىرگەندىلا ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقىلىرى بولسا مىللىي سالاھىيەتنى ئاساس قىلغان تۆۋەن تەبىقىنىڭ ئەزالىرىغا ئايلىنىدۇ. بۇ خىل نەتىجىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ ھەمدە ئەھۋالمۇ دەل شۇنداق بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بۇ دۆلەتنىڭ تېخىمۇ ئېغىر زوراۋانلىقى ۋە تاشقى تەنقىدلەرنى بېسىقتۇرۇش جەھەتتىكى بىر گەۋدىلەشكەن ئۇرۇنۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەۋجۇت ۋەزىيەتنىڭ يەنە نۇرغۇن يىل داۋاملىشىشىنى تەقەززا قىلىشى مۇمكىن.

بەختكە قارشى، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە، خىتاي (ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان)دىكى ئۇيغۇرلار بۇ خىل ئاقىۋەتكە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش قىلالمايدۇ. لېكىن، خىتاينىڭ سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ ئۇيغۇر كۈلتۈرى ۋە كىملىكىنى يوقىتىش لايىھىسىگە ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرالىشى مۇمكىن. 2009 - يىلىدىن باشلاپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرى كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى، شۇنداقلا

بۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى لاگېرغا ياكى تۈرمىگە تاشلانغان بولغاچقا، بۇلار سىياسىي مۇددىئاغا ئىگە بولدى. ئۇلار ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كۈلتۈرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى تۇرۇشىدا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىن ئۈمىد كۈتۈشكە بولىدىغان بىردىنبىر مەنبەدۇر. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، ئۇلار گەرچە خىتاينىڭ سىرتىدا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا خىتاينىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرايدۇ (3). ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ تۇرۇۋاتقان ئورنى سەۋەبلىك، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇلارنى تەلتۆكۈس جىمىقتۇرالماسلىقى مۇمكىن.

بۇ مۇھاجىرلارنىڭ ئەڭ كۆپ قىسمى ياشايدىغان، خىتاي (ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان) بىلەن چېگرالىنىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بولمىش قازاقىستان ۋە قىرغىزىستان ئىقتىسادىي جەھەتتە خىتايغا ئېغىر دەرىجىدە بېقىنىپ قالغاچقا، بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى جىمىقتۇرۇلغان. ھالبۇكى، قازاقىستاندا يەنە خىتاي (ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان)دىن كەلگەن نۇرغۇن قازاقلار بار بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇر دىيارىدىكى ۋەزىيەتكە ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى تەشۋىق قىلىشتا ناھايىتى دادىل بولۇپ، شۇ مەقسەتتە «ئاتا يۇرت» ناملىق بىر تەشكىلات قۇرغان. «ئاتا يۇرت» سابىق مەھبۇسلار ـــ ئاساسلىقى خىتاي (ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان)غا بارغاندا تۇتقۇن قىلىنغان قازاقىستان پۇقرالىرى ـــ نىڭ ھېكايىلىرىنى خەلقئارا تاراتقۇلارغا تارقىتىشقا ياردەم بەردى. گەرچە قازاقىستان دائىرىلىرى «ئاتا يۇرت»نىڭ رەھبىرىنى قولغا ئېلىپ، مەزكۇر تەشكىلاتنى جىمىقتۇرۇش ئۇرۇنۇشى سوپىتىدە ئۇنى ئىستىپيا بېرىشكە قىستىغان بولسىمۇ، ئەمما مەزكۇر تەشكىلات قازاقىستاندىكى ھۆكۈمەتنىڭ بۇ تەشكىلاتنى تەلتۆكۈس تاقىۋېتىشنى توسۇپ تۇرىدىغان قازاق مىللەتچىلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. «ئاتا يۇرت» ئۇيغۇر رايونى بىلەن چېگرالىنىدىغان بىر تەشكىلات بولۇش سۈپىتى بىلەن، داۋاملىق تۈردە خىتاي (ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان)دىكى ئۇيغۇر ۋە قازاقلارنىڭ قىسمەتلىرى توغرىسىدىكى مۇھىم ئۇچۇر مەنبەسى بولۇپ قېلىشى ۋە بۇ مەسىلىنى خەلقئارانىڭ دىققىتىگە سۇنۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ھەتتا قازاقىستان ھۆكۈمىتىنى خىتاي(ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان)دىكى مەسىلىگە تېخىمۇ بەك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشكە مەجبۇرلىيالىشىمۇ مۇمكىن.

گەرچە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرى ھېلىھەم ئوتتۇرا ئاسىيادىكىدىن ئاز بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار 2012 ـ يىلىدىن باشلاپ زور دەرىجىدە كۆپەيدى، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ بۇ دۆلەتتىكى ئېنىقسىز ئولتۇراقلىشىش سالاھىيىتىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئۇلارنىڭ تەشۋىقات ئىقتىدارىمۇ چەكلىك. بۇنىڭدىن باشقا، تۈركىيەنىڭ خىتاي بىلەن بولغان بارغانسېرى قويۇقلىشىۋاتقان ئىقتىسادىي ئالاقىسى تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دادىل سۆزلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. شۇنداقلا، خىتاينىڭ تۈرك خەلقىگە قاراتقان، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان مۇئامىلىسى توغرىسىدىكى ساختا تەشۋىقاتلىرى ھېچ بولمىغاندا بۇ دۆلەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ تۈرك خەلقىنىڭ ئۇيغۇر دەۋاسىغا بولغان قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش تىرىشچانلىقلىرىغا سەلبىي تەسىر كۆرسەتتى (4). شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر

مۇھاجىرلار، بولۇپمۇ تۈركىيە گىراژدانى بولغانلار تۈركىيەدە ھېلىھەم راۋۇرۇس سىياسىي كاپىتالغا، بولۇپمۇ مىللەتچىلەر ۋە پانتۈركىستلەرنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولغاچقا، ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلارنى ئەلتۆكۈس جىمىقتۇرۇشى تەسكە توختىماقتا. ئەنە شۇ تەرىقىدە، بۇ مۇھاجىرلار كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ مۇسۇلمان دۇنياسىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمىتىگە ئاغدۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىيالايدۇ.

ئامېرىكا، كانادا، ياۋروپا ۋە ئاۋستىرالىيەدىكى ئۇيغۇرلار تېخىمۇ ئاز، ئەمما بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتىنى ئەركىن دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ ۋە غەربتىكى تاراتقۇلارنىڭ كۈنتەرتىپىدە تۇتۇپ تۇرۇش جەھەتتە ئىنتايىن پائال ھەرىكەت قىلماقتا. گەرچە بۇلارمۇ خىتاي دائىرىلىرىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما خىتاينىڭ بۇ دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇرلارنى قورقۇتۇپ جىمىقتۇرالىشى تېخىمۇ قىيىن. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە، بۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى، جۈملىدىن ئامېرىكا ۋە ياۋروپادا ئۆسۈپ يېتىلگەن، غەربتىكى كىشىلەرنى سەپەرۋەر قىلىشقا ئۇستىلىشىپ كەتكەن ئۇيغۇر ياشلار ئارىسىدا، خېلى زور دەرىجىدە كېڭەيدى. گەرچە بۇ ھەرىكەت يەنىلا زور دەرىجىدە تارقاق ھالەتتە بولسىمۇ، ئەمما ئۇ جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمىتىگە تارتقۇدەكلا ئەمەس، بەلكى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە بېسىم ئىشلىتەلەيدىغان تېخىمۇ كۆپلىگەن ئاساسىي قاتلام ھەرىكەتلىرىنى سەپەرۋەر قىلغۇدەك كۈچكە ئىگە.

ئۇيغۇر مۇھاجىرىتىنىڭ ئەڭ مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان بۆلۈكى، ھېلىھەم مەۋجۇت بولغان، شۇنداقلا نۆۋەتتە ئۆزىنىڭ نەچچە ئون يىللىق تارىخىدىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ جەڭچىسى بار بولغان «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»دۇر. ھالبۇكى، بۇ تەشكىلات توغرىسىدىكى نۇرغۇن ئىشلار، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ مەبلىغىنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ئارقا تىرىكىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ھېلىھەم سىر پېتى تۇرماقتا. بۇنىڭدىن سىرت، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ يېقىنقى ۋىدېيولۇق باياناتى سۇرىيەدىكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» بىلەن ئافغانىستاندىكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ گەرچە ئۆزئارا ئورتاقلىقتا ئىگە بولسىمۇ، تامامەن پەرقلىق تەشكىلاتلارغا ئايلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ مۇھاجىرەتتىكى قوراللىق دىندار ئۇيغۇر مىللەتچىلىرى ئارىسىدىكى، خوجايىنلىرى ۋە نىشانى تامامەن ئايرىم بولغان، پەرقلىق ئىككى كۈچ مەنبەسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىشى مۇمكىن.

ھېلىھەم مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ئەمىرى دېيىلىۋاتقان ئابدۇلھەق 2019 ـ يىلى 8 ـ ئايدىكى بىر ۋىدېيودا، ئۆز تەشكىلاتىنىڭ ۋەزىرىستاندىن تامامەن ئافغانىستانغا يۆتكەلگەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇلار بەدەخشانغا يۆتكەلگەن بولۇشى ھەمدە خىتاي (ئىشغالىيەتتىكى شەرقىي تۈركىستان) چېگراسىغا ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن بەكرەك يېقىنلاشقان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن (5). ئابدۇلھەق مەزكۇر ۋىدېيودا ئۇيغۇر دىيارىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى توغرىسىدا توختىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمىتىنى نامايىش ۋە ھەق ـ ھوقۇقنى قوغداش تەشەببۇسلىرى ئارقىلىق، سىياسىي ئۇسۇلدا ھەل قىلماقچى بولغانلار خاتالاشقانلاردۇر، دېدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ قوراللىق كۈرەشنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشتىكى بىردىنبىر يول ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. قىزىقارلىقى شۇكى، ئۇ يەنە ئۆز تەشكىلاتىنىڭ ئادەتتە ئىشلىتىپ كەلگەن قارا جىھاد بايرىقىدىن ۋاز كېچىپ، ھەسەم مەخسۇم ئىشلەتكەن، شۇنداقلا بىرىنچى

قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ بايرىقى بولغان كۆك بايراقنى ئىشلىتىشكە باشلىغانلىقىنى تىلغا ئالدى، بۇ مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ يەرشارىۋى جىھاد بىلەن ئانچە ئالاقىسى بولمىغان، تېخىمۇ كۈچلۈك مىللەتچىلىك يولىغا مېڭىۋاتقان بولۇشى مۇمكىنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ تەشكىلات يەنە ئۆزىنىڭ ۋىدىيو ئىشلىگۈچى تارمىقى بولغان «ئىسلام ئاۋازى»نىڭ لوگوسىدىكى قارا جىھاد بايرىقىنىمۇ چىقىرىۋېتىپ، ئۆز ۋىدىيولىرىنى سۈرىيەدىكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭكىدىن ئېنىق پەرقلەندۈردى. ئابدۇلھەقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بۇ ۋىدىيولۇق ئۈچۈرى ۋە «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ بايرىقىنىڭ ئۆزگىرىشى بۇ تەشكىلاتنىڭ ھەسەن مەخسۇمنىڭ خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدا (يەنى خىتاي ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا) توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدىغان، نىسبەتەن مىللەتچىرەك مەۋقەسىنى قايتىدىن جانلاندۇرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغاندەك قىلاتتى. ھالبۇكى، بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر رايونى پۈتۈنلەي قامال قىلىنغان، شۇنداقلا خىتاينىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئاسانلا ئىز قوغلاپ تەكشۈرگىلى بولىدىغان شارائىتتا، ھەر قانداق بىر تەشكىلاتنىڭ بۇنداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىشىغا ئىشىنىش تەس. بۇنىڭدىن سىرت، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ئافغانىستاندىكى كۈچى ئىنتايىن زەئىپ، شۇنداقلا ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان خىتايغا تەھدىت سېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ھېچقانداق ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىپ باقمىدى. شۇڭلاشقا، بۇ تەشكىلاتنىڭ كېلەچىكى ۋە ۋەزىيەتكە تەسىر كۆرسىتىش ئىقتىدارى ئېنىقسىز.

نۆۋەتتە سۈرىيەدىكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ كېلەچىكىمۇ نائېنىق. ئۇنىڭ يېڭى تور بېكىتىدە ھەپتىلىك خەۋەرلەر سەھىپىسى بار بولۇپ، بۇ سەھىپىدە مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ دۇنيادىكى ۋەقەلەرگە بولغان چۈشەنچىسى بايان قىلىنىدۇ. قارىماققا مەزكۇر تەشكىلات سۈرىيەدىكى ئۆكتىچىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قورغىنى بولغان ئىدلىبتا رۇسىيە ۋە بەششار ئەسەد ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان ئاز ساندىكى تەشكىلاتلارنىڭ بىرىدەك قىلىدۇ. ھازىر مەزكۇر تەشكىلات ئۆز ۋىدىيولىرىدا ئۆزىنى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى شام شۆبىسى» دەپ ئاتىرىپ تونۇشتۇرماقتا، شۇنداقلا ئۇلار قارا بايراق ۋە كونا ۋىدىيو لوگوسىنى داۋاملىق ئىشلىتىپ، ئۆزىنى ئافغانىستاندىكى ئابدۇلھەقنىڭ تەشكىلاتىدىن ئېنىق پەرقلەندۈردى. گەرچە سۈرىيەدىكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ بايلىقى ئافغانىستاندىكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭكىدىن كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كىمگە بەيئەت قىلغانلىقى، ئارقا تىرىكىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ۋە ئارقا تىرەكلىرىنىڭ خىتايغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئېنىق ئەمەس. ئەڭ ئاخىردا، ئىدلىبتىكى ئۆكتىچىلەرنىڭ بەششار ئەسەد ھاكىمىيىتىگە قارشى ئاخىرقى جېڭىدە، سۈرىيەدىكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ يوقىتىلىدىغان ياكى يوقىتىلمايدىغانلىقى، ئەزالىرىنىڭ ئاخىردا تۈركىيەگە قېچىپ كېتىدىغان ـ كەتمەيدىغانلىقى ياكى ھازىرقى ھامىيلىرىنىڭ ئۇلارنى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا يەنە باشقا ۋاكالەتچى ئۇرۇشقا سالىدىغان ـ سالمايدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

ھالبۇكى، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ھەرقانداق بىرىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ئۇيغۇر قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا داۋاملىق ئىنكاس قايتۇرۇشىنىڭ زۆرۈر شەرتى ئەمەس. مەن

سۈرىيەدە ئۇرۇش تەجرىبىسى توپلىغان بىر قانچە ئۇيغۇر بىلەن سۆھبەتلەشتىم، ئۇلار ھېلھەم بۇ تەجرىبىلەرنى خىتايغا قارشى ئىشلىتىشنى ئويلايدۇ. ئۇلار ماڭا ئۆزلىرىنىڭ پەقەت بىرەرسىنىڭ خىتايغا ھۇجۇم قىلىشتا كارغا كېلىدىغان پىلانى بار تەشكىلاتتىن بىرنى قۇرۇشنى ساقلاۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. مەن مۇشۇ خىل سابىق جەڭچىلەرنىڭ بىرىدىن خىتايغا ئوخشاش كۈچلۈك دۆلەت بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقىدىغان - قورقمايدىغانلىقىنى سورىغىنىمدا، ئۇ ۋەتەندىكى ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىڭ جازا لاگېرلىرىغا ياكى تۈرمىگە تاشلىنىپ غايىپ قىلىۋېتىلگەنلىكىنى، شۇڭا ئۆزىنىڭ تارتىشقۇدەك ھېچنەرسىسى قالمىغانلىقىنى ئېيتتى. مېنىڭچە ئۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ سانى ئۇنچە ئاز ئەمەس، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كەلگۈسى بىر قانچە يىلدا يېڭى قوراللىق تەشكىلات قۇرۇشمۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. گەرچە بۇ جەڭچىلەرنىڭ مەۋجۇت شارائىتتا خىتايغا كىرەلىشى مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار خىتاينىڭ چەتئەللەردىكى، بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان مەنپەئەتلىرىگە زىيان يەتكۈزەلەيدۇ. ئەمما، ھەقىقىي مەسىلە شۇكى، بۇنداق قىلىشنىڭ خىتاي (ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان)دا ئازاب - ئوقۇبەت چېكىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا ياردىمى تېگەمدۇ، يوق؟ ئەمەلىيەتتە، ئۇ پەقەت خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ئۇيغۇرلار پەيدا قىلغان ئاتالمىش «تېرورلۇق تەھدىتى»نىڭ ئىسپاتلىرى بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق، خىتاينىڭ كۈلتۈرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» نامىدا ئاقلىشى ئۈچۈن باھانە بولۇپ بېرىشى ۋە نەتىجىدە ئەھۋالنى تېخىمۇ ناچارلاشتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن.

گەرچە نۆۋەتتىكى كىرىزىس خىتاينىڭ ئۇيغۇر دىيارىغا قاراتقان كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ تەلتۆكۈس ئىشقا ئېشىشى بىلەن نەتىجىلىنىدىغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارى پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك. ئەمەلىيەتتە، بۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارنىڭ مىللىي روھىنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن شۇنچە زور كۈچ سەرپ قىلىشىدىكى سەۋەبلەردىن بىرىدۇر. ئۇلار ئىلگىرى سىستېمىلىق كۈلتۈرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىققا دۇچ كېلىپ باقمىغان، ئەمما مەن ئۇلار ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن بۇگۈنكىدەك پەۋقۇلئاددە شارائىتقا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ دەپ كېسىپ ئېيتالمايمەن. يېقىندا مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر ۋە قازاقلارنىڭ ئۇيغۇر دىيارىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى چۈرىدىگەن ھالدا ھەرىكەتكە ئۆتكەنلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ مۇھاجىرلار ھېچ بولمىغاندا خىتاينى بۇ رايوندا ئەڭ چېكىدىن ئاشقان پىلاننى ئىجرا قىلىشتىن ئەيمەندۈرەلىشى مۇمكىن. شۇ ۋەجىدىن، گەرچە نۆۋەتتە ئۇيغۇر دىيارىدىكى كۈلتۈرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ كەلگۈسى يۈزلىنىشى توغرىسىدىكى پەرەزلەر كىشىنى تەشۋىشكە سالسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تەسىرىنى پەسەيتىپ، ئۇيغۇر كۈلتۈرىنىڭ زوراۋانلارچە يوقىتىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا يەنىلا ئۈمىد بار.

## بۇ پاجىئە «تېررورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نىڭ كەلگۈسىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟

بۇ كىتابتا ئىزچىل ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇقتىئىينەزەرلەرنىڭ بىرى شۇكى، گەرچە ئۇيغۇر كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ئۇيغۇر خەلقىدىن كېلىدىغان ھەقىقىي ياكى ھېس قىلىنغان «تېررورلۇق تەھدىتى»گە قايتۇرۇلغان ئىنكاس بولمىسىمۇ، ئەمما مۇشۇ خىل تەھدىتنىڭ مەۋجۇتلۇقى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر مەزكۇر قىرغىنچىلىقنى قولايلاشتۇردى ۋە تېزلەتتى. ھالبۇكى، (بۇ ھەقتە) رېئاللىققا زىت مۇنداق سوئال قويۇش ئەقىلگە مۇۋاپىق: يەنى «تېررورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نىڭ ئۇلان قىلىنىش - قىلىنماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، خىتاي ئۇيغۇر كىملىكىنى تەلتۆكۈس يوقىتىشقا ئۇرۇنامتى، ئۇرۇنمامتى؟ قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىق «تېررورلۇق»تىن بەكرەك، خىتاينىڭ ئۇيغۇر دىيارىنى مۇستەملىكە قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. گەرچە ئەمەلىيەت شۇنداق بولسىمۇ، ئەمما مېنىڭچە خىتاي ئۇيغۇرلارنى «تېررورلۇق تەھدىتى»، ئۇيغۇر كۇلتۇرىنى «ئاشقۇنلۇق بىلەن يۇقۇملانغان» دەپ بېكىتمىگەن بولسا، ئەھۋال بۇنچە ئاسانلا ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن ئىبارەت ئاشقۇن دەرىجىگە يېتىپ بارمىغان بولاتتى. ئۇيغۇرلار شەكىللەندۈرگەن ئاتالمىش «تېررورلۇق تەھدىتى» توغرىسىدىكى بۇ قاراشلار خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلقئارانىڭ ئۆز قىلمىشلىرىغا بولغان تەنقىدلىرىنى بۇرۇۋېتىشىگە راۋۇرۇس ئەسقاتتى، شۇنداقلا قانداق قىلىپ جازاغا ئۇچرىماستىن كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغىلى بولىدىغانلىقىنى (ئەھلى جاھانغا) بىلدۈرۈپ قويىدى.

2019 - يىلى 10 - ئايدا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئومۇمىي مەجلىسى خىتاينىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى قىلمىشلىرىنى ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى سۈپىتىدە ئەيىبلىگەن، چەكلەش كۈچى بولمىغان بىر باياناتقا قاراپ چىقتى، ئەنگلىيە تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزكۇر بايانات 23 دۆلەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى (6). بۇنىڭغا قايتۇرۇلغان جىددىي ئىنكاس سۈپىتىدە، بېلارۇسىيە تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا ئالقىش ياغدۇرۇلغان، خىتاينىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى قىلمىشلىرىنىڭ خەتەرلىك ئىسلامىي «ئاشقۇنلۇق»قا ۋە «تېررورلۇق» تەھدىتىگە قارشى تۇرۇشنىڭ مۇۋاپىق، ھەتتا مېھرىبانلارچە ئۇسۇلى ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بايانات 54 دۆلەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى (7). مەن بۇ 54 دۆلەتنىڭ ب د ت دىكى ۋەكىللىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ، ھەتتا ھەممىسىنىڭ (ئۆزلىرى قوللىغان باياناتتىكى) بۇ گەپنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىدىن گۇمانلىنىمەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە چېتىشلىق باشقا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى خىتاينى ياقىلىدى. ھالبۇكى، ئەگەر «تېررورلۇققا قارشى دۇنياۋى

ئۇرۇش»نىڭ ھېكايىسى ۋە ئۇنىڭ «<تېررورلۇق>قا قارشى تۇرۇش ئۆچۈن كىشىلىك ھوقۇقنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇشقا بولىدۇ» دېگەن يوشۇرۇن تۇتۇمى بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى تېخىمۇ تەسكە توختايتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، «تېررورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش» مەنتىقىسىنىڭ بىئوپولىتىكىلىق خاراكتېرى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بۇ كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئېلىپ بېرىش مېتودىغا تەسىر كۆرسەتتى. خىتاي ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىدىن كېلىدىغان «تېررورلۇق تەھدىتى»گە دۇچ كەلگەنلىكىنى دەۋا قىلغاندىن كېيىن، «تېررورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش» مەنتىقىسى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىنى گۇمانلىق «تېرورچى» دەپ قارىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى - دە، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇش يوللۇقلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا، خىتاي ھۆكۈمىتى «تېررورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش» مەنتىقىسىدىن پايدىلىنىپ، ئېنىقلىمىسى مۈجمەل بولغان دىنىي «ئاشقۇنلۇق» ئىدىئولوگىيەسىنى تەھدىتنىڭ مەنبەسى قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر كۇلتۇرىگە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «ئاشقۇنلۇقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان»لىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن دىنىي تەرەپلىرىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئۇنى جىنايەت دەپ بېكىتىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى.

بۇ خىتاينىڭ ئىقتىساد تۈرتكىسىدە شەرقىي تۈركىستانغا كېلىدىغان خىتاي كۆچمەنلەر ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇرلارنى ئەيۋەشكە كەلتۈرەلەيدىغان ۋە ئۇلارنى چەتلەشتۈرەلەيدىغان كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكىنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولماستىن، بەلكى ئۇنى ئوچۇق - ئاشكارا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يولىغا باشلىدى. خىتاينىڭ 1990 - يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 2000 - يىللارنىڭ بېشىدا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنى بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ يۆنىلىشى ئىزچىل مۇشۇنداق (يەنى كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكىنى ئاساس قىلغان، ت) ئىدى. ئەگەر خىتاي «تېررورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نىڭ ئىنسانىيسىزلاشتۇرۇش ۋە كۇلتۇر/مىللەتكە كۆرە دۈشمەن بېكىتىشتىن ئىبارەت، چىقىش نۇقتىسىدىنلا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئىستراتېگىيەسىگە ئۇيغۇن بولغان مەنتىقىسىگە قىزىقمىغان بولسا ئىدى، ئەھۋال بەلكىم ئىزچىل شۇ رەۋىشتە داۋاملىشىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭلاشقا، گەرچە «تېررورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نىڭ قوزغىلىش - قوزغالماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، خىتاي يەنىلا ئۇيغۇر دىيارىنى مۇستەملىكە قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان بولسىمۇ، ئەمما «تېررورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نىڭ «تېررورلۇق» قالپىقىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئوتتۇرىغا چىقارغان ھېكايىلىرى بولمىغان بولسا، بۇنىڭ بۇنچە تېز ۋە شىددەتلىك يۈز بېرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.

بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۈگۈنكى كۈندە خىتاي (ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان)دىكى ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن كرىزىس «تېررورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نىڭ زامان ۋە ماكان ئۆزگىرىشى سەۋەبلىك ئوتتۇرىغا چىققان، ئۆزگەرگەن ۋارىيانتىنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. «تېررورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش» ئەزەلدىن «تېررورلۇق»قا ئالاقىدار بولماستىن، ئىزچىل ھالدا باشقا مەنپەئەتلەرنى قوغلىشىش ئۈچۈن سەۋەب تېپىش ئۇرۇنۇشى ئىدى. مەزكۇر «ئۇرۇش»نىڭ تارىخىي مۇساپىسىدە، ئۇ

ئافغانىستان ۋە ئىراقتىكى ھاكىمىيەتلەرنى ئاغدۇرۇشنى يوللۇقلاشتۇردى، شۇنداقلا سۈرىيە ۋە يەمەن قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئىچكى ئۇرۇشلاردا، ياكى رۇسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى، ئېفىئوپىيە ۋە مىسىر قاتارلىق مۇستەبىت دۆلەتلەردە بولسۇن، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ئۆكتىچىلەرنى قانۇنىيسىزلاشتۇرۇش ۋە زورلۇق بىلەن باستۇرۇشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە سانسىز قېتىم قوللىنىلدى. ئۇشبۇ قائىدىسىز ئۇرۇش باشلىنىپ يىگىرمە يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش» ھېكايىسى كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكى، مىللىي تازىلاش ۋە كۆلتۈرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىق جەھەتلەردىكى يېڭى ئۇرۇنۇشلاردا ئىشلىتىلىدىغان، كۆپ سىناقلاردىن ئۆتكەن قورالغا ئايلانغاندەك قىلىدۇ. بىرمىدىكى روھىنگىيالار دەل مۇشۇ خىل ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندى، خىتاي(ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان)دىكى ئۇيغۇرلار مۇشۇ خىل ئەھۋالغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ، ھىندىستاندىكى كەشمىرلىكلەرمۇ مۇشۇ خىل ئەھۋالغا دۇچ كېلىشى مۇمكىن. مۇشۇ خىل كۆزىتىشنىڭ ئۆزىلا ئېنىقلىمىسى مۈجمەل ۋە توختاۋسىز بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىشى كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتىش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.

خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ «تېرورلۇق» ئۇقۇمى توغرىسىدا قايتىدىن ئويلىنىشى مەزكۇر ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن «تېرورلۇق»نى قانداق تەبىرلەش ۋە پەرقلەندۈرۈشتە، خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان ئوبيېكتىپ ئېنىقلىما قوللىنىلىشى كېرەك. بۇنداق قىلغاندا مەزكۇر ئاتالغۇنىڭ قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىلىشىنى توسۇپ، غەيرىي دۆلەت خاراكتېرلىك قوراللىق ئىشتىراكچىلارغا چېتىشلىق كەلگۈسى ئۇرۇشلارغا قاتنىشىش قائىدىسىنى بېكىتكىلى بولىدۇ. مېنىڭچە، بۇ كىتابتا قوللىنىلغان، يەنى 2002 ـ يىلى «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش» باشلانغاندا بوئاز گارنور (Boaz Garnor) تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان جانلىق ئېنىقلىما، مەزكۇر ئېنىقلىمىنىڭ زادى قانداق بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك باشلىنىش نۇقتىسى بولالايدۇ. بۈگۈنكى دۇنيادا، زادى نېمىنىڭ «تېرورلۇق» ھېسابلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا خەلقئارالىق ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىش ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس، ئەمما بۇ مەسىلىنى ھەل قىلمىغان تەقدىردە، ئۇنىڭ ئىنسانلارنىڭ ۋەھشىيلىكىنى داۋاملىق كۈرۈكلەپ تۇرىدىغان «مەڭگۈلۈك ئۇرۇش»قا ئايلىنىشىدا ئاساسەن شەك يوق.

## بۇ پاجىئەنىڭ تېخىمۇ ئەدەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىش مۇمكىن؟

گەرچە «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نى ئاخىرلاشتۇرۇشنىڭ بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەنگە ئوخشاش پاجىئەلەرنىڭ كەلگۈسىدىمۇ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئىنتايىن زور پايدىسى بار بولسىمۇ،

ئەپسۇسكى، ئۇ ئۇيغۇر دىيارىدا داۋاملىشىۋاتقان كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقتا ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسەتەلمەيدۇ. ئۇشبۇ كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىق دولقۇنىنى تىزگىنلەش، خىتايغا بىردەك ۋە سىجىل بېسىم ئىشلىتىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى، ھازىرغا قەدەر، كۆپىنچە دۆلەتلەر يا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان مۇئامىلىسىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا تەنقىد قىلىشنى خالىمىدى، ياكى ئۆزلىرىنىڭ ئاشكارا تەنقىدلىرىنى دادىل ئىپتىراپ قىلالمىدى. بۇ ئاساسلىقى خىتاينىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا جارى قىلدۇرۇۋاتقان خەلقئارا ئىقتىسادىي كۈچىدىن مەنبەلەنگەن. مەسىلەن، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ھېچقانداق مۇسۇلمان دۆلىتى خىتاي (ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان)دىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمىتى ھەققىدە رەسمىي بايانات ئېلان قىلىپ باقمىدى. ھەتتا (شەرقىي تۈركىستاندىكى) ئۆز يۇقرالىرى ۋە مىللەتداشلىرىنىڭ جازا لاگېرلىرىغا سولانغانلىقى ئېنىق بولغان قازاقىستان ۋە قىرغىزىستانمۇ بۇ ھەقتە سۈكۈت قىلىپ كەلدى. گەرچە تۈركىيە ئەمەلدارلىرى بۇ مەسىلە توغرىسىدا بىر قىسىم تەنقىدىي باياناتلارنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھۆكۈمەت بۇ باياناتلارنى قوللاش تەرىقىسىدە ھېچقانداق ماھىيەتلىك ياكى رەسمىي دىپلوماتىك تەدبىر قوللانمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ب د ت ئومۇمىي مەجلىسىدىكى بېلەت تاشلاشقا ئوخشاش، ب د ت ۋە ئۇنىڭغا ئەزا دۆلەتلەر بۇ مەسىلە توغرىسىدا جىددىي مۇزاكىرە ئېلىپ بارالمىدى. خىتاينىڭ ب د ت نىڭ تەرتىپلىرىدىن پايدىلىنىشقا، جۈملىدىن شۇلار ئارقىلىق خىتاينىڭ سىياستى ۋە قىلمىشلىرىغا بولغان سىجىل تەنقىدلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بارغانسېرى ماھىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق بولدى.

خىتاي (ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان)دىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىيىنچىلىقى توغرىسىدا ئاشكارا سۆز قىلغانلار پەقەتلا ئەركىن دېموكراتىك دۆلەتلەردۇر. ئامېرىكا، ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر، ئاۋستىرالىيە، ياپونىيە ۋە باشقا بىر قانچە ئەركىن دېموكراتىك دۆلەتلەر ئۇيغۇر دىيارىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا بولغان كۈچلۈك ئەندىشىسىنى بىلدۈردى. ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ دۆلەتلەرنىڭمۇ ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مەزكۇر مەسىلىدە خىتايغا ھەرقانداق بېسىم ئىشلىتەلمەيۋاتقانلىقى ئىسپاتلاندى. ئالدى بىلەن، بۇ دۆلەتلەرنىڭمۇ «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە «تېرورلۇققا قارشى ئۇرۇش» ھەرىكەتلىرىگە چېتىشلىق كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى بار ئىدى. بولۇپمۇ ئامېرىكانىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ شۇنداق، خىتاي بۇ جەھەتتە ئامېرىكانىڭ تېرورلۇق ۋە ئاشقۇنلۇق گۇماندارلىرىغا قىلغان مۇئامىلىلىرىنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ، ئاسانلا «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» قىلالايدۇ: گۇەنتانامو قولتۇقىدىكى تۇتۇپ تۇرۇش مەركىزىمۇ قانۇنسىز تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرىدۇر؛ ئامېرىكا «دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى»مۇ مىللىي مەھەللىلەرنى قاتتىق نازارەت قىلغان؛ (ئامېرىكانىڭ ئافغانىستان ۋە باشقا جايلاردا قىلغىنىدەك، ت) «تېرورلۇق» گۇماندارلىرىنى ئۇچۇقچىسىز ئايرىۋېلان بىلەن ئۆلتۈرۈش «قايتا تەربىيەلەش»تىن بەكرەك مەرھەمەت قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ، ۋەھاكازالار. بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە، ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»تىكى ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ خىتاينىڭ ئاتالمىش «تېرورلۇق»نى يوقىتىشتىكى چېكىدىن ئاشقان قىلمىشلىرىنى تەنقىد قىلىدىغان ئەخلاقىي سالاھىيىتى يوق،

چۈنكى ئۇلارمۇ ئۆزلىرى سادىر قىلغان يىرگىنىشلىك قىلمىشلارنى «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» نامىدا ئاقلىغان ۋە بۇ جەھەتتە ئۆرنەك بولۇپ بەرگەن. ئىككىنچىدىن، ئامېرىكا ۋە ياۋروپانىڭ يۇمشاق كۈچى ــــ بولۇپمۇ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىكى ــــ ئاجىزلاپ، خىتاينىڭ يۇمشاق كۈچى ۋە ئىقتىسادىي كۈچىگە ئورۇن بوشاتماقتا. نەتىجىدە، ئەركىن دېموكراتىك دۆلەتلەر خىتاينى يا يەر شارى ئىقتىسادىدىن، يا خەلقئارالىق قانۇنىي سىياسىي ھاكىمىيەتلەر چەمبىرىكىدىن يېتىم قالدۇرالماس ھالغا كەلدى. ئاخىرىدا، ئەركىن دېموكراتىك دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ قولىدىكى بىردىنبىر كوزىر بولغان «ئىقتىسادىي ئالاقە» كوزىرىنى خىتايغا ئىشلىتىشنى خالىمايدۇ، چۈنكى ئىقتىسادىي ئالاقىنى ئۈزۈش ھەر ئىككى تەرەپنى ئوخشاشلا زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

بۇ خىل ئەھۋالنى نەزەردە تۇتقاندا، كىشىلەر باشقا دۆلەتلەرنىڭ ــــ ئۆز پۇقرالىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى بېسىمىغا ئۇچرىمىغان تەقدىردە ــــ خىتايغا ئۇيغۇر دىيارىدىكى مېتودىنى ئۆزگەرتىش خۇسۇسىدا بېسىم ئىشلىتەلىشىدىن ياكى بېسىم ئىشلىتىشنى خالىشىدىن ئۈمىد كۈتمەسلىكى كېرەك. شۇڭلاشقا، نۆۋەتتە خىتايغا زور بېسىم ئېلىپ كېلەلەيدىغان بىردىنبىر ھەقىقىي ھەرىكەت چوقۇم ئاساسىي قاتلامدىن كېلىشى كېرەك، شۇنداقلا ئۇ چوقۇم ھەقىقىي ئىقتىسادىي تەسىر پەيدا قىلالايدىغان بىردىنبىر يول ئارقىلىق خىتايغا قارىتىلىشى كېرەك. 1980 ـ يىللاردىكى (جەنۇبىي ئافرىقادىكى) ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە، بۇ خىل پائالىيەتلەر ئۈچۈن ئۆرنەك مەۋجۇتتۇر. (ئەينى چاغدا) دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پۇقرالار بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىپ، جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتىنىڭ ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتىگە قارشى تۇرۇپ، ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ياشانغاندا كۈتۈنۈش فوندلىرىنى جەنۇبىي ئافرىقا شىركەتلىرىدىكى مەبلەغلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشقا مەجبۇرلىغان، شۇنداقلا خەلقئارا شىركەتلەرنى بۇ دۆلەتتىكى تىجارىتىنى توختىتىشقا قىستىغانىدى. گەرچە بۈگۈنكى خىتاينىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلغان دۇنيا ئىقتىسادىدا، خىتاي مەھسۇلاتلىرىنى پۈتۈنلەي بايقۇت قىلىش تەسكە توختىسىمۇ، ئەمما بۇنداق قىلىشقا ئۇرۇنۇش بەلكىم نەتىجە بېرىپ قېلىشى مۇمكىن. يەنە شۇنىڭدەك، ئاساسلىق فوندلارنى ۋە مەبلەغ سالغۇچى ئاپپاراتلارنى خىتاي ئاكسىيە بازىرىدىن چېكىندۈرۈش ئۇرۇنۇشىمۇ ــــ بولۇپمۇ بۇ يەرشارى خاراكتېرلىك ھەرىكەت بولغان تەقدىردە ــــ تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. بۇ خىل ئۇرۇنۇشلار يەنە خىتايدا تىجارەت قىلىۋاتقان، بولۇپمۇ ئۇيغۇر دىيارىدا تىجارىتى بار ياكى تەمىنلەش زەنجىرىدە ئۇيغۇر ئىشچىلىرى مەجبۇرىي ئىشلىتىلگەن خەلقئارالىق شىركەتلەرنى نىشانلىسا بولىدۇ. ئاخىرىدا، بۇ خىل ئاساسىي قاتلام ھەرىكىتى ـ كىشىلەرگە بۇ مەسىلە توغرىسىدا ھەرىكەتتە ئۆتۈشنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتىشى كېرەك. بۇ يەنە ئۇيغۇر كۈلتۈرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ئارقىلىق، كىشىلىك ھوقۇق، شەخسىي مەخپىيەتلىك ۋە كۆپ خىللىقتىن ئىبارەت قىممەت قاراشلار قاتمۇقات مۇھاسىرىدە قالغان دۇنيادا، (ئۇيغۇرلاردىن باشقا) كىشىلەرنىڭ كېلەچەكى ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن (قورقۇنچلۇق) ئۆرنەكتۇر.

## ئاخىرقى سۆزلەر: دەسلەپتە، ئۇلار ئۇيغۇرلارغا يوپۇرۇلۇپ كەلگەندە ...

* تەرجىماندىن ئىلاۋە:

ئاپتور بۇ يەردە، گېرمان شائىرى مارتىن نىمۆللەرنىڭ (Martin Niemöller) يەھۇدىي قىرغىنچىلىقى توغرىسىدا يازغان شېئىرىنىڭ بىرىنچى مىسراسىنى ئۆزگەرتىپ نەقىل قىلغان بولۇپ، شېئىرنىڭ تولۇق تېكىستىنىڭ تەرجىمىسى تۆۋەندىكىچە:

دەسلەپتە، ئۇلار سوتسىيالىستلارغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى،

مەن گەپ قىلمىدىم، چۈنكى مەن سوتسىيالىست ئەمەس ئىدىم.

ئاندىن ئۇلار ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرىغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى،

مەن گەپ قىلمىدىم، چۈنكى مەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى ئەزاسى ئەمەس ئىدىم.

ئاندىن ئۇلار يەھۇدىيلارغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى،

مەن گەپ قىلمىدىم، چۈنكى مەن يەھۇدىي ئەمەس ئىدىم.

ئاندىن ئۇلار ماڭا يوپۇرۇلۇپ كەلدى،

ھالبۇكى، مەن ئۈچۈن گەپ قىلىدىغان ئادەم قالمىغانىدى.

ختاي (ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان)دىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتىنىڭ خەلقئارالىق ئاخباراتچىلار ۋە ئاكادېمىكلارنىڭ بۇ قەدەر دىققىتىنى قوزغىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئۇيغۇر كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى كۆزەتكەنلەر ئۆزلىرىنىڭ ۋە پۈتۈن دۇنيانىڭ كېلەچىكىنىڭ بېشارەتلىرىنى كۆرەلەيدۇ. چۈنكى، قىسمەن جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدە ھەمدە

دۇنيا مىقياسىدىكى كۈچ ۋە تەسىرى زورىيىۋاتقان دۆلەت بولمىش خىتايدا يۈز بەرگەن. ھالبۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىدىن پۈتكەن بۇ ئاگاھلاندۇرغۇچى ھېكايە مۇستەبىت، كىشىلىك ھوقۇقىقا ھۆرمەت قىلمايدىغان ۋە ۋەھشىيلىكلەرنى سادىر قىلالايدىغان، قەد كۆتۈرۈۋاتقان خىتايغىلا ئالاقىدار بولماستىن، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە دۆلەتنىڭ كۈچى بارغانسېرى مۇتلەقلىشىدىغان، ئۇنىۋېرسال قىممەت قاراشلار كۆرسىنى يوقىتىدىغان، شەخسىي مەخپىيەتلىك تاۋارغا ئايلىنىدىغان، پەرقلەرگە يول قويماسلىق بارغانسېرى ئەۋج ئالىدىغان «ئەركىنلىكتىن خالىي دۇنيا»غا ئالاقىداردۇر. گەرچە بۇ بىزلەرنىڭمۇ ئۆزۈن ئۆتمەيلا ئۇيغۇرلار باشتىن كەچۈرۈۋاتقان «ئورۋېلچە» قاباھەتلىك چۈش ئىچىدە ياشايدىغانلىقىمىزدىن دېرەك بەرمىسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۇيغۇر كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا تۈرتكە بولغان ۋە ئىلگىرى سۈرگەن ئاشۇ كۈچلەرنىڭ بىزنىڭ ھاياتىمىزغىمۇ تەسىر كۆرسىتىش خەۋپى بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كىشى بۇ كۈچلەرنى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى ھەرىكىتىنى قولايلاشتۇرغان، شۇنداقلا كۆپ خىللىقنى، كىشىلىك ھوقۇقنى ۋە شەخسىي مەخپىيەتلىكنى قەدىرلەيدىغانلارنى پەۋقۇلئاددە بىئارام قىلىدىغان، يېڭىدىن باش كۆتۈرۈۋاتقان ئۈچ خىل دۇنياۋى يۈزلىنىش دەپ تونۇسا بولىدۇ.

بۇ يۈزلىنىشلەرنىڭ ئىچىدىكى كۆز ئالدىمىزدىلا تۇرغىنى «مەخپىيەتلىكتىن خالىي دۇنيا» يۈزلىنىشىدۇر. ئۇيغۇر كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا چېتىشلىق تېخنىكا چوڭ سانلىق مەلۇمات توپلاش ۋە تەھلىل قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ، بىزنىڭ ھېس قىلىش ـ قىلماسلىقىمىزدىن قەتئىينەزەر، ئۇ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتىنىڭ ھەممىلا ساھەسىگە كىرىپ بولدى. (خىتاينىڭ نەزىرىدە) چوقۇم لاگېر ياكى تۈرمىلەردە «قايتا تەربىيەلىنىشى» ۋە كۇلتۇرەل جەھەتتە تازىلىنىشى كېرەك بولغان ئۇيغۇرلارنى بېكىتىشنىڭ ۋاستىسى بولغان «بىر گەۋدىلەشكەن بىرلەشمە جەڭ قىلىش سۇپىسى»دىمۇ دۇنيا مىقياسىدا يۇقىرى تېخنىكىلىق ئىقتىسادتا يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇۋاتقان گۇگۇل، فېيسبوك قاتارلىق شىركەتلەر قوللانغانغا ئوخشاش «كۆزىتىش كاپىتالىزمى» (surveillance capitalism ــــ كۆزىتىش كاپىتالىزمى: ئىنتېرنېتتىن، بولۇپمۇ ئىزدەش موتورى ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرىدىن توپلانغان شەخسىي سانلىق مەلۇماتلار تاۋار سۈپىتىدە سېتىلىدىغان ئىقتىسادىي سىستېمىدۇر، ت) دەسمايىسى قوللىنىلغان (8). ئەمەلىيەتتە، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى كىشىلەر ھەر كۈنى ئىجتىمائىي ئالاقە تورىغا كىرگەندە ياكى توردىن ئۇچۇر ئىزدىگەندە «ھەمكارلىشىدىغان» بۇ شىركەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ باستۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۇل ئەسلىھە قۇرۇپ چىققان خىتاي شىركەتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىدۇ. بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە، بۈگۈنكى دۇنيادىكى ــــ بولۇپمۇ كۈچلۈك خۇسۇسىي تېخنىكا شىركەتلىرى بىلەن ھەمكارلىقى بار ــــ نۇرغۇن دۆلەتلەر خىتاينىڭ ھازىر ئۇيغۇرلارغا قىلىۋاتقان (جىنايەت)لىرىنى ئۆز پېتى قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ھازىرچە بۇ ئىقتىدارغا ئىگە بولمىغان دۆلەتلەرمۇ خىتاي شىركەتلىرىدىن لازىملىق تېخنىكىنى سېتىۋېلىش ياكى (خىتاينىڭ) «ئەقلىي ئىقتىدارلىق شەھەر»لەرنىڭ قولايلىقىنى مەدھىيەلەيدىغان تەرەققىيات پروگراممىلىرىدىن ئۇنىڭغا ھەقسىز ئېرىشىش ئارقىلىق، تېزلا مۇشۇ خىل ئىقتىدارنى ھازىرلاۋاتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا، ئۇيغۇرلار

چوڭ سانلىق مەلۇماتلاردىن كۆرۈكلەنگەن، دۆلەت يېتەكچىلىكىدىكى زوراۋانلىق ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى باشتىن كەچۈرگەن ئەڭ ئاخىرقى خەلق بولماسلىقى مۇمكىن.

ھالبۇكى، ئۇيغۇر كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا نوقۇل تېخنىكىلا تۈرتكە بولغان ئەمەس. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تېخىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك «ھوقۇقتىن خالىي دۇنيا» يۈزلىنىشىدىن نەپ ئالىدى. «تېررورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش» باشلانغاندىن بۇيان، پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا كىشىلىك ھوقۇققا بولغان ھۆرمەت ئىزچىل ھالدا سۇسلاپ كەلدى. بۇ قىسمەن دەرىجىدە شۇنىڭ ئۈچۈنكى، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئاتالمىش «تېررورلۇق»نىڭ ھايات ـ ماماتلىقىدىن تەھدىتىدىن پايدىلىنىپ، بىخەتەرلىك مەنپەئەتىنى قوغداش باھانىسىدە، كىشىلىك ھوقۇقنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇشنى تەرغىب قىلغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۆزىنى يەر شارىدىكى كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىسى دەپ قارايدىغان ئامېرىكا بەلكىم «تېررورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نىڭ دەسلەپكى بىر قانچە يىلىدىكى يەر شارى ھوقۇق سىستېمىسىنىڭ ئەڭ ئېغىر جىنايەتچىسى بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئاتالمىش «تېررورلۇق» گۇماندارلىرىنى قىيىن ـ قىستاق ئارقىلىق سوراق قىلىشقا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. ئۇ «تېرورچى»لارنى ئىزدەش باھانىسىدە، ئۆز پۇقرالىرىنى كەڭ كۆلەمدە نازارەت قىلدى ۋە ئاتالمىش «تېرورچىلار»غا ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قانۇنىي تەرتىپتىن ھالقىغان ھالدا ئۆلتۈردى. ئاتالمىش يەر شارى كىشىلىك ھوقۇق «قوغدىغۇچىلىرى» تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان بۇ ھەرىكەتلەر دۇنيا مىقياسىدا كىشىلىك ھوقۇق ئۇقۇمى ۋە تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك «قائىدىلەرنى ئاساس قىلغان خەلقئارا تەرتىپ» توغرىسىدىكى گۇمانلارغا سەۋەب بولدى. ھالبۇكى، «ھوقۇقتىن خالىي دۇنيا»نىڭ بارلىققا كېلىشىمۇ گېئوپولىتىك مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئامېرىكا ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ئاتامانلىق ئورنىنىڭ ئاجىزلاۋاتقانلىقىنى تونۇپ يېتىشكە باشلىغاندا، دۇنيا مىقياسىدىكى، بولۇپمۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى، دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىكى رولىدىن ۋاز كېچىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي بىلەن رۇسىيە بارغانسېرى يەككىچىلىشىپ كېتىۋاتقان ئامېرىكا قالدۇرغان بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئارقىلىق، يەرشارىدىكى كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدا سۆز قىلىش جەھەتتە تېخىمۇ كۆچلۈك رول ئويناشقا ئۇرۇنماقتا. بۇ رولدا، رۇسىيە بىلەن خىتاي بىردەك ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىنغانلىق دەپ قارايدىغان خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق ئۇقۇمىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا ھەمدە كىشىلىك ھوقۇق سۇبيېكتىپ ۋە دۆلەتكە باغلىق دەپ قارىلىدىغان خەلقئارا تەرتىپنى بازارغا سېلىشقا ــ بولۇپمۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئارقىلىق ــ تەييارلانغاندەك قىلىدۇ.

ئاخىرىدا، يەنە شۇنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىنكى، ئۇيغۇر كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقى پەرقلەرگە بولغان تاقەتسىزلىك ۋە تار مىللەتچىلىكنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە ئەگىشىپ، كۆچمەنلەر مۇستەملىكچىلىكىنىڭ ئىرقچىلىق مەنتىقىسى مىللىي دۆلەتلەرنىڭ چېگراسى ئىچىدە قايتىدىن پەيدا بولغان بىر دۇنياغا قاراپ كېتىۋاتقان تېخىمۇ كەڭ يۈزلىنىشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۆتكەن بىر قانچە يىلدا، دۇنيا (بۇ جەھەتتە) كەم دېگەندە تۆت خىل ئوخشىمىغان مىسالغا شاھىت بولدى. بۇ مىساللاردا،

دۆلەتلەر ئۆز تېررىتورىيەسىدىكى كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكى ئۆرۈنۈشلىرىدا ناھايىتى دادىل بولدى. برازىلىيەدە، جەير بولسونارو (Jair Bolsonaro) ئامازون يامغۇرلۇق ئورمىنىنى قايتۇرۇۋېلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەرىكىتىنى قوزغىدى، ھالبۇكى ئىلگىرى بۇ يەردىكى يەرلىك خەلقلەرگە بۇ زېمىنغا بولغان ئالاھىدە ئىمتىياز ۋە مەزكۇر تېررىتورىيە ئىچىدىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىلگەنىدى. ھىندىستاندا، نارېندرا مودى (Narendra Modi) ئىلگىرى تالاش - تارتىشتىكى تېررىتورىيە سۈپىتىدە ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولغان كەشمىرگە بولغان كونتروللۇقىنى قايتا تەكىتلىدى. ئىسرائىلىيەدە، دونالد ترامپنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن بىنيامىن نېتانياخۇ (Benjamin Netanyahu) پەلەستىن زېمىنلىرىغا بولغان كونتروللۇقىنى قايتا - قايتا تەكىتلىدى، بۇ بەلكىم (ئىسرائىلىيە ۋە پەلەستىنىدىن ئىبارەت) «ئىككى دۆلەت»لىك ھەل قىلىش مۇمكىنچىلىكىگە خاتىمە بېرىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، خىتايمۇ ئۆزى ئاكتىپ يەرلىشتۈرۈۋاتقان ۋە مۇستەملىكە قىلىۋاتقان ئۇيغۇر دىيارىدا ئۇلارغا قارشى كۆلتۈرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقاندەك قىلىدۇ. مەزكۇر يۈزلىنىشنىڭ ئانچە زوراۋان بولمىغان باشقا ئالامەتلىرى غەرب دېموكراتىك دۆلەتلىرىدىكى چەتئەللىكلەرگە ئۆچمەنلىك قىلىش ۋە پۇقراچى مىللەتچىلىك سىياسىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. مەيلى ئامېرىكادا ترامپنىڭ باش كۆتۈرۈشى، ئەنگلىيەنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىدىن چېكىنىپ چىقىشى ياكى ۋېنگرىيەدىكى ۋىكتور ئوربانىنىڭ (Victor Orban) تەختكە چىقىشى قاتارلىقلار بىردەك شۇنىڭ ئىپادىلىرىدىندۇر.

بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، ئۇيغۇر كۆلتۈرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقى كۆرۈنگىنىدەك يەككە ئەھۋال بولماستىن، دۇنيادىكى (كېلەچەكتە كۆرۈلگۈسى) تېخىمۇ ئېغىر مەسىلىنىڭ ئالامىتىدۇر. تارىخچىلار مۇشۇ خىل تەپەككۇر لىنىيەسىنى بويلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ 2017 - يىلىدىن بۇيانقى ۋەزىيىتىگە نەزەر تاشلىسا، بۇنىڭ بىر مەھەل تەرغىب قىلىنغان، كىشىلىك ھوقۇق پرىنسىپىنى، شەخسىي مەخپىيەتلىكنى ۋە دۇنيادىكى ھەممە ئادەمنىڭ ئىنسانىي ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان «قائىدىلەرنى ئاساس قىلغان خەلقئارا تەرتىپ» غايىسىگە قىلىنغان ئەڭ ئەجەللىك زەربە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلىشى مۇمكىن. بۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىلگىرى دۇنيا ئۈچۈن ئۈمىد قىلىنغان، قائىدىلەرنى ئاساس قىلغان تەرتىپنى يولغا قويالىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئەمما (ھېچبولمىسا) ئىلگىرى كىشىلەر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مەجلىسلىرىدە، ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان ئوچۇق - ئاشكارە جىنايەتلەر توغرىسىدا تېخىمۇ كەسكىن مۇنازىرىلەرنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلالايتتى. ئۇيغۇر مەسىلىسىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، دۇنيانىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى بۇ مەسىلىدە كىشىنى ئەندىكتۈرگۈدەك سۈكۈتكە چۆمدى. ئەجەبا، بۇ دۆلەت يېتەكچىلىكىدىكى ئوچۇق - ئاشكارە ۋە زوراۋان كۆلتۈرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ يەنە بىر قېتىم يەر شارى مىقياسىدا يېڭى نورماللىقنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەمدۇ؟ دۇنيا ھېچ بولمىغاندا ئۇنىۋېرسال كىشىلىك ھوقۇق، ئىلگىرىكى ۋەھشىيلىكلەرگە پۇشايمان قىلىش، شۇنداقلا ھەق - ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىنغان ۋە چەتكە قېقىلغان كىشىلەرنى قوغداش جەھەتتە، كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ ئورتاق تونۇشقا كەلگەن بىر ۋەزىيەتتە، بىز پات ئارىدا يەنە ئۆتمۈشنى سېغىنىپ قالارمىزمۇ؟ ئەگەر شۇنداق

بولسا، بەزىلەر ئامېرىكانىڭ چۆكۈشى ۋە خىتاينىڭ قەد كۆتۈرۈشىنى دۇنيا سىستېمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن دېرەك بېرىدىغان مۇھىم ۋەقە سۈپىتىدە كۆرسىتىشى مۇمكىن. ھالبۇكى، مەزكۇر كىتابتا يورۇتۇلماقچى بولغىنىدەك، بىزنىڭ نۆۋەتتىكى مۇكەممەل بولمىغان «قائىدىلەرنى ئاساس قىلغان خەلقئارالىق تەرتىپ»نىمىزنىڭ زاۋاللىقىغا يۈزلىنىشىنى — ئۇيغۇر كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقى پەقەت شۇنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر، خالاس — «تېرورلۇققا قارشى يەر شارىۋى ئۇرۇش»نىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن باشلانغان جەريانغا باغلاش تېخىمۇ مۇۋاپىقتۇر.

مەزكۇر يەرشارىۋى يۈزلىنىشلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرى ئۇيغۇر دىيارىدىكى زوراۋان كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختىتىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتۈشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر دۇنيا خەلقى بۈگۈن ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەر توغرىسىدا ئېغىز ئاچمىسا ۋە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە ئۇتتقان يولنى ئۆزگەرتىش خۇسۇسىدا بېسىم ئىشلەتمىسە، بۇ ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ «ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ مۇقەددەسلىكى» باھانىسىدە كەڭ كۆلەملىك باستۇرۇش ۋە مۇئەييەن مىللەتلەرگە قارىتىلغان نوپۇس تىزگىنلەش ھوقۇقى بارلىقىنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئۆرنىكى بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر بۈگۈن ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەنلەر ھەل قىلىنمىسا، باشقا نۇرغۇن كىشىلەر كەلگۈسىدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولۇشى ۋە «ئۇلار دەسلەپتە ئۇيغۇرلارغا يوپۇرۇلۇپ كەلگەندە ...» بىرەر ئىش قىلغان بولسامچۇ، دەپ قېلىشى مۇمكىن.

## مېتودولوگىيە توغرىسىدا

نۇرغۇن جەھەتتىن ئېيتقاندا، مەزكۇر كىتاب ئوقۇماققا تارىخىي بايانغا — گەرچە ئۇ نىسبەتەن يېڭى تارىخ بولسىمۇ — ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى بابىدا يېقىنقى زامان خىتاي دۆلىتى بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى مۇستەملىكىچىلىك مۇناسىۋىتىنىڭ دەسلەپكى 250 يىلى قىسقىچە بايان قىلىنغاندىن كېيىن، خىتاينىڭ 2001 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئۆزىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان ئۇيغۇرلاردىن كېلىدىغان ھايات ـ ماماتلىق «تېرورلۇق تەھدىتى»گە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى ئىزچىل تەكىتلىشىنىڭ ئەگەشمە تەسىرلىرىنى چۈشىنىش مەقسىتىدە، ئۆتكەن 19 يىللىق تارىخقا نەزەر تاشلاندى. مەزكۇر تارىخىي نۇقتىئىنەزەر يەنە ئۇيغۇر دىيارىدە يۈز بەرگەن كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن ئىبارەت ئىنسانىيەت تراگېدىيەسىنى ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن قوشۇپ تەھلىل قىلىشنى ھەمدە خىتاينىڭ نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارغا قاراتقان مىللىي سىياسىتىنىڭ

چېكىدىن ئاشقان خاراكتېرىنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكىنى تەكشۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. گەرچە بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى ئاساسلىقى تارىخ خاراكتېرلىك بولسىمۇ، ئەمما ئىنسانشۇناس بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مېنىڭ تەھلىللىرىم مۇقەررەر ھالدا ئۆتكەن 25 يىلدا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نەق مەيدان تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىش جەريانىدىكى تەجرىبىلىرىمدىن شەكىللەنگەن ئېتنوگرافىك نۇقتىئىنەزەردىن نەپ ئالغان. بولۇپمۇ، بۇ خىل نۇقتىئىنەزەر مېنى دۆلەت سىياسەتلىرى ھەققىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ سىياسەتلەرگە بولغان ئىنكاسى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى تۈرلۈكى بۆلۈنۈش ھەققىدىمۇ پىكىر بايان قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ھالبۇكى، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى نەق مەيدان تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىدە ئەزەلدىنلا مېتودولوگىيەلىك خىرىسلار مەۋجۇت بولۇپ، ئۇيغۇر رايونىدا ئېتنوگرافىك تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئەزەلدىنلا سىياسىي نازۇكلۇققا ئىگە ئىدى. ئۇزۇندىن بېرى، (شەرقىي تۈركىستانغا بارغان) چەتئەللىك تەتقىقاتچىلار ئىزچىل نازارەت قىلىنىپ كەلدى، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىنىڭ سىرتىدىكى رايونلاردا ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق بولدى. بۇنىڭدىن سىرت، كىشىلەردىن ھەرقانداق سەزگۈر شەيئىلەر توغرىسىدا سوئال سوراش ـــ بولۇپمۇ سۆھبەت خاتىرىلىرى مەۋجۇت بولسا ـــ ئۇلارنى خەۋپكە دۇچار قىلىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، چەتئەللىك تەتقىقاتچىلارنىڭ ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇراقلاشقان يېزىلاردا ئۇلار بىلەن ئۇزۇن مۇددەت بىللە تۇرالىشى مۇمكىن بولمىغاچقا، بۇ شەھەر مۇھىتىنىڭ سىرتىدىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك يېقىندىن كۆزىتىش ئىمكانىيىتىنى يوققا چىقارغان.

مەن 1990 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ۋە ئاخىرىدا، دىسسېرتاتسىيە ماقالەم ئۈچۈن تەتقىقات ئېلىپ بارغانىدا، قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىدىكى بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىدە تۇرۇش ئارقىلىق بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلغانىدىم. بۇ يەردە مەن تېخىمۇ ئەركىن ھالدا يەرلىك ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى يېقىندىن كۆزىتىپ، قازاقىستانغا تۇغقانلىرىنى يوقلاش ياكى يەرلىك بازارلاردا سودا قىلىش ئۈچۈن خىتاي (ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان)دىن كەلگەن ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان چەكلىمىسىز سۆھبەتلەرنى خاتىرىلىيەلەيتتىم. ئۇ جەريانىدا، مەن يەنە دائىم ئۇيغۇر رايونىدا ئايلاپ سەپەر قىلىپ، ئۇ يەردىمۇ تەتقىقات ئېلىپ باراتتىم، ئەمما مەن بۇ يەردە ھەرقانداق سۆھبەتنى خاتىرىلىمەيتتىم، چۈنكى بۇ مەن بىلەن پاراڭلاشقانلارنى خەۋپكە ئۇچرىتاتتى. بۇ مېنىڭ قازاقىستان بىلەن خىتاي (ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان)دىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى چېگرا ھالقىغان مۇناسىۋەت توغرىسىدىكى دىسسېرتاتسىيەمنى نۇرغۇن سانلىق مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلىدى، ئەمما دىسسېرتاتسىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، مېنىڭ شەخسىي نەق مەيدان تەكشۈرۈش خىزمىتىمگە بولغان خىرىسلار تېخىمۇ كۈچەيدى. مەن دىسسېرتاتسىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، بىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنى ھەققىدە «شىنجاڭ: خىتاينىڭ مۇسۇلمان چېگراسى» دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە ماقالە يېزىۋىدىم، بۇ ماقالە خىتايدا ناھايىتى كۈچلۈك تالاش ـ تارتىش قوزغىدى (1). مەزكۇر ماقالىدە ئۇيغۇرلار بىلەن يېقىنقى زامان خىتاي دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇناسىۋەتنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە

ئالغان مەزكۇر رايونغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر قىسقىچە بايان قىلىنغاندى. گەرچە بۇ كىتاب ئامېرىكادىكى نۇرغۇن داڭلىق تەتقىقاتچىلارنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنى ھەققىدىكى ئىلمىي ماقالىلىرىدىن تەركىب تاپقان بولسىمۇ، ئەمما خىتاي دائىرىلىرى ئۇنىڭ نەشر قىلىنىشىغا ئىنكاس قايتۇرۇپ، بۇ كىتابنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ «بۆلگۈنچىلىك»نى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان پروجېكتى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى (2). ئۇنىڭدىن كېيىن، بۇ كىتابقا ماقالىسى كىرگۈزۈلگەنلەرگە خىتايدا ساياھەت قىلىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئىزچىل ۋىزا بېرىلمەي، ئۇلار «13 شىنجاڭچى» دېگەن شۇم نامغا ئېرىشتى. نەتىجىدە، مېنىڭ ئۇيغۇر ۋەتىنىدىكى ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق نەق مەيدان تەكشۈرۈش خىزمىتىم 2000 ـ يىلى يازدا، ئامېرىكاغا قايتىپ كېلىپ دىسسېرتاتسىيەمنى يېزىشتىن بۇرۇن ئېلىپ بېرىلدى. گەرچە بۇ رايونغا كىرەلمەسلىك مەسىلىسى مېنىڭ كونتروللۇقمىدىن بەكلا ھالقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەنىلا تەتقىقاتىمدىكى ئەڭ گەۋدىلىك چەكلىمىلىكنى كۆرستىدۇ.

دەرۋەقە، مەن شۇنىڭدىن كېيىن قايتا خىتاي ۋىزىسى ئىلتىماس قىلىپ باقمىدىم. مەن كەسپداشلىرىمنىڭ پەقەت نامىدىكى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش ئۈچۈنلا، خىتايغا كىرىش ئىجازىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن جان ـ جەھلى بىلەن تىرىشۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە، تەتقىقاتىمنى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەسلىدىكى ئۇيغۇر مەھەللىلىرى تەتقىقاتىمنى ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ، باشقا دۆلەتلەرگە كەتكەن ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىشقا ئۆزگەرتتىم. مەن 2001 ـ يىلدىن 2006 ـ يىلغىچە قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاندا ياشاۋاتقان مەزگىلىمدە، بۇ دۆلەتتىكى يەرلىك ئۇيغۇر جامائىتى، جۈملىدىن خىتاي (ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان)دىن بۇ رايوننى زىيارەت قىلغىلى كەلگەن ئۇيغۇرلار بىلەن تەتقىقاتىمنى داۋاملاشتۇرالىدىم. تېخىمۇ يېقىندا، يەنى يېقىنقى ئون ئىككى يىلدا نۇرغۇن ياز ئايلىرىنى تۈركىيەدە ئۆتكۈزۈپ، 2000 ـ يىللاردا، بولۇپمۇ 2009 ـ يىلدىن كېيىن تۈركىيەدە شەكىللەنگەن ئۇيغۇر مۇھاجىرلار جامائىتى ئىچىدە تەتقىقات ئېلىپ باردىم. بۇنىڭدىن باشقا، مەن ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى ئۇيغۇر مۇساپىرلىرى بىلەنمۇ قەرەللىك ھالدا ئۇچرىشىپ تۇردۇم.

مەن بۇ كەچۈرمىشلەر ئارقىلىق، كۆپىنچىسى 2016 ـ يىلىغا قەدەر ئۇيغۇر دىيارىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنى كۆپ قېتىم زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ زىيارەتلەر خىتاينىڭ سىرتىدا ئېلىپ بېرىلغان بولغاچقا، زىيارەتنى قوبۇل قىلغۇچىلار ئۆز كەچمىشلىرىنى ئالاھىدە سەمىمىيلىك بىلەن بايان قىلدى. لېكىن، ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىسمىتىنى نەزەردە تۇتقاندا، مەن ئۆزۈم بۇ تەتقىقات جەريانىدا زىيارەت قىلغان كىشىلەرنىڭ ئىسمى ـ فامىلىسى ياكى ھەرقانداق شەخسىي تەپسىلىي ئۇچۇرلىرىنى ئاشكارىلىمىدىم. پەقەت تونۇلغان ۋە پائال سىياسىي ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر جامائەت ئەربابلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

گەرچە مەن 2000 ـ يىلدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ باقمىغان بولساممۇ، ئەمما مەن شۇنىڭدىن كېيىن ۋەتىنىدىن ئايرىلغان ۋە ئۇ يەردىكى ھاياتىنىڭ ئوخشىمىغان باسقۇچلىرىنىڭ مۇھىم تەرەپلىرىنى سۆزلەپ بېرەلەيدىغان ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرىنى ئىزدەپ تېپىش ئارقىلىق بۇ جەھەتتىكى

پېتەرسىزلىكنى تولۇقلىدىم. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر دىيارىنى داۋاملىق زىيارەت قىلىپ تۇرالىغان تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ۋە ئۇلار بىلەن بولغان شەخسىي ئالاقەمنىڭ بۇ كىتابتىكى تەھلىللەرگە كۆپ پايدىسى تەگدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە جون سمىس فىنلېي (Joanne Smith - Finley) ۋە رېيچىل ھاررىس (Rachel Harris) قاتارلىق تەتقىقاتچىلار بار. بۇلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئېتنوگرافىك تەتقىقاتى ئالاھەزەل مەن بۇ رايونغا كىرەلەيدىغان ۋاقىتلاردىلا باشلانغان، ئەمما ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن، يەنى ئۆتكەن يىگىرمە يىلدىمۇ شەرقىي تۈركىستانغا پات - پات بېرىپ تۇرالىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ يەنە رىيان سام (Rian Thum)، دېيۋىد توبىن (David Tobin)، دېيۋىد بروفى (David Brophy)، ساندرىن كاترىس (Sandrine Catris)، ئېلىس مارى ئاندېرسون (Elise Marie Anderson)، سارا تىنىن (Sarah Tynen)، دەرىن بايلېر (Darren Byler) ۋە تىموسى گروز (Timothy Grose) قاتارلىق، 2000 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن مەزگىللەردە بۇ رايوندا ئۇزۇن مۇددەتلىك نەق مەيدان تەكشۈرۈشى ئېلىپ بارغان بىر تۈركۈم مۇھىم ياش تەتقىقاتچىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

گەرچە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنى زىيارەت قىلىش ۋە باشقا تەتقىقاتچىلارنىڭ خىزمىتىگە قاتنىشىش مېنى يېقىنقى يىگىرمە يىلدا شەرقىي تۈركىستانغا كىرەلمىگەن شارائىتتا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز يۇرتىدىكى كەچمىشلىرىنى بىر يەرگە جۇغلىيالىشىمغا ئىمكانىيەت ياراتقان بولسىمۇ، ئەمما مېنىڭ خىتاينىڭ سىرتىدىكى، «تېرروچىلار» دەپ قالپاق كىيدۈرۈلگەن ئۇيغۇر قوراللىق تەشكىلاتلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتىم ئالاھىدە زور خىرىسلارغا دۇچ كەلدى. ئالدى بىلەن، بۇ تەشكىلاتلار توغرىسىدىكى ئىككىلەمچى ماتېرىياللار ھەممىشە پەرەز خاراكتېرلىك، شۇنداقلا ئۇيغۇر كۈلتۈرى ۋە تارىخى ھەققىدە مۇتەخەسسىس بولمىغان، ئۇيغۇرچە سۆزلەشنى ۋە ئوقۇشنىمۇ بىلمەيدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن يېزىلغاندۇر. شۇ ۋەجىدىن، بۇ ماتېرىياللاردا دائىملا پاكىت خاتالىقى كۆرۈلىدۇ، ھەمدە «تېررورلۇق» تەشكىلاتلىرى توغرىسىدىكى سىلىشتۇرما تەتقىقاتلارغا تايىنىپلا، يەرلىك ئارقا كۆرۈنۈشنى پەقەتلا نەزەردە تۇتمىغان ھالدا خاتا يەكۈن چىقىرىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، مەيلى ئافغانىستان، ۋەزىرىستان ياكى سۈرىيەدە تۇرۇشلۇق ئۇيغۇر قوراللىق كۈچلىرى ھەققىدە ئېتنوگرافىك تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس، ياكى ھېچبولمىغاندا پەۋقۇلئاددە خەتەرلىك.

تەلىيىمگە، مەن بۇ رايونلاردىكى قوراللىق تەشكىلاتلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە ئۇيغۇرنى زىيارەت قىلدىم، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ تەشكىلاتلارغا كىرىش سەۋەبىنى، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ پائالىيەت قىلىش شارائىتىنى ۋە ئۇلار ئېلىپ بارغان پائالىيەتلەرنى ئۆز ئاغزى بىلەن سۆزلەپ بەردى. بۇنىڭدىن سىرت، مەن يەنە 2008 - يىلدىن باشلاپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئاساسلىق ئۇيغۇر قوراللىق تەشكىلاتى ۋە خىتاينىڭ «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ <تېررورلۇق تەھدىتى>گە ئۇچراۋاتىمىز» دېگەن دەۋاسىنى يوللۇقلاشتۇرۇشتىكى ئاساسلىق باھانىسى بولغان «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» (TIP) تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىدا تارقىتىلغان يۈزلىگەن ۋىدېيولارنى كۆرۈش ئارقىلىق مەزكۇر زىيارەت خاتىرىلىرىنى مۇكەممەللەشتۈردۈم. گەرچە «تېررورلۇق مۇتەخەسسىسلىرى» — بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى دېگۈدەك ئۇيغۇر تىلىنى بۇ خىل مەنبەلەرنى

تولۇق تەھلىل قىلالىغۇدەك دەرىجىدە بىلمەيدۇ ــ («تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»دىكى) رەھبەرلىك ئۆزگىرىشى، تېخىمۇ چوڭ جىھادىي تەشكىلاتلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقداشلىق ياكى مۇئەييەن ھۇجۇملارنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالغانلىق ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن، دائىم بۇ خىل ۋىدىيولارنى كۆرۈپ تۇرىدىغان بولىسىمۇ، ئەمما مەن بۇ ۋىدىيولارنى مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ كۆندىلىك تۇرمۇشىنى، غايىسىنى، تارىخىنى ۋە جامائىتىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە كۆرىمەن. بۇ جەھەتتە شېھىتلەرنى خاتىرىلەيدىغان ۋىدىيولار ئالاھىدە كارغا كېلىدۇ. بۇ ۋىدىيولار «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»گە قاتناشقان كىشىلەرنىڭ تەپسىلىي تەرجىمىھالىنى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ خىتايدا ئۇچرىغان زۇلۇملىرى، تۇغۇلغان يېرى ۋە مائارىپ ئەھۋالى توغرىسىدىكى تەپسىلاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» 2008 ـ يىلىدىن باشلاپ ئېلان قىلغان ۋىدىيولارنىڭ كۆپلۈكىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئۇلارنى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە كۆرۈش بۇ تەشكىلاتنىڭ تارىخىنىڭ كۆرۈنۈشلۈك ئېتنوگرافىيەسى (مىللەت تەزكىرىسى) بىلەن تەمىنلەيدۇ. مېنىڭچە كىتابىنىڭ 1998 ـ يىلىدىن بۇيانقى قورallıق دىندار ئۇيغۇر مىللەتچى تەشكىلاتلىرى توغرىسىدىكى تەسۋىرى، مەزكۇر تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە، بۇ كىتابنىڭ ئەڭ ئۆزگىچە تەتقىقاتىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، شۇنداقلا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار شەكىللەندۈرگەن «تېرورلۇق تەھدىتى»گە دۇچ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر ۋە رېئاللىق توغرىسىدىكى يېڭىچە نۇقتىئىنەزەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## تەشەككۈرنامە

كىتاب يېزىشنى «ساياھەت» دەپ ئاتىۋېلىش كونا گەپ بولۇپ قالدى. ئەمما، مەن بۇ ئوخشىتىشنىڭ نېمىشقا بۇنچە كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى مەزكۇر كىتابنى يېزىش جەريانىدا ئاندىن چۈشەندىم. بۇ مېنىڭ تۇنجى كىتابىم بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن ئەمگەكنى مېنىڭ ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىش بىلەن ئۆتكەن ئوتتۇز يىللىق كەسپىي ھاياتىمنىڭ سەمەرىسى دېسەم ئارتۇق كەتمەيدۇ. بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى مېنىڭ 1990 ـ يىللاردا ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىلمىي ماقالىسى ئۈچۈن، قازاقىستان ۋە ئۇيغۇر رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئېلىپ بارغان نەق مەيدان تەكشۈرۈشلىرىمنى، شۇنداقلا مېنىڭ 2019 ـ يىلى يازدىكى ئاخىرقى قېتىملىق تۈركىيە سەپىرىمنى ۋە (1990 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە بولغان) مۇشۇ ئارىلىقتىكى بارلىق پائالىيەتلىرىمنى مەنبە قىلغان.

بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى ئوتتۇز يىللىق تەتقىقاتىمنىڭ مەھسۇلى — ھېچ بولمىغاندا ۋاستىلىك ھالدا — ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ كىتابنىڭ تەتقىقاتى ۋە يېزىلىپ چىقىشىنى قولايلاشتۇرۇشتا رول ئوينىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرگە رەھمەت ئېيتىشقا مەجبۇرمەن. ئالدى بىلەن، مەن چوقۇم كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا ئۇيغۇر خەلقىنى تەتقىق قىلىش قىزغىنلىقىمغا ئىلھام بەرگەن ماگىستىر ئاسپىرانتلىق يېتەكچىلىرىمگە رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك. بۇنىڭ ئىچىدە ماڭا تۈركىي تىللىرىدىكى ئەسلى ماتېرىياللارنى ئوقۇشنىڭ مۇھىملىقىنى ئۆگەتكەن ۋە ئىچىمدىكى تارىخشۇناسلىق ھەۋىسىنى قوزغاتقان ئائىشە ئازادە رورلىچ (Ayse ـ Azade Rorlich) ۋە يېقىندا ئالەمدىن ئۆتكەن، پاراستى ۋە يۇمۇرىستىكلىقى بىلەن مېنىڭ سەگەك ۋە جۇشقۇن تۇرۇشىمغا تۈرتكە بولغان ئېۋگېن كوپېرنى (Eugene Cooper) بار. مەن يەنە 1994 ـ يىلدىن 2000 ـ يىلغىچە مېنى قارشى ئالغان قازاقىستاندىكى بارلىق ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگىمۇ رەھمەت ئېيتمىسام بولمايدۇ. مەن ساۋۇت موللاۋۇدوف ۋە ئابباس ئەلىيېفتىن ئىبارەت تۇتۇق دادىلىرىمغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇلارنىڭ بۇ كىتابنى ئوقۇغۇچە ئۆمۈر كۆرگەن بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم، ئەمما ئۇلارنىڭ بۈگۈن ئۆز ۋەتىنىدىكى ئۇيغۇر كۈلتۈرىنىڭ ۋەيران قىلىنىشىغا شاھىت بولمىغانلىقىدىن خۇشالمەن. بۇنىڭدىن باشقا، تۇتۇق سىڭلىلىرىم سايىنۇر داۋۇتوۋا ۋە دىليانۇر قاسىموۋانىڭ قازاقىستاندىكى نەق مەيدان خىزمەتلىرىم جەريانىدىكى تىنىمسىز ياردەملىرى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مىننەتدارمەن.

مەن يەنە ئېلىيوت خەلقئارالىق مەسىلەر ئىنستىتۇتىنىڭ يېقىنقى تەتقىقاتىمنى قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك. مەن ئالدى ـ كەينى بولۇپ ئېلىيوت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى بولغان مايكول بروۋېن (Michael Brown) ۋە رېۋېن بىرىگېتىينىڭ (Reuben Brigety) بۇ تۈرنى قوللىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ تاماملىنىشىغا سەبىرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىمەن. مەن يەنە سىگىر (Sigur)

ئاسىيا تەتقىقات مەركىزى ۋە «ياۋروپا، روسىيە ۋە ياۋرو ـ ئاسىيا تەتقىقات ئورنى»نىڭ (IERES) بۇ تەتقىقاتنى بىۋاستە قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن. سىگېر تەتقىقات مەركىزى مەن بۇ پروجېكتنى باشلىغاندا ماڭا بىر مەۋسۇملۇق تەتقىقات ياردەمچىسى سەپلەپ بەردى، 2019 ـ يىلى يازدا تۈركىيەدە ئېلىپ بارغان بۇ كىتاب توغرىسىدىكى ئاخىرقى تەتقىقاتىمنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىدى. ئۆتكەن ئىككى يىلدا، «ياۋروپا، روسىيە ۋە ياۋرو ـ ئاسىيا تەتقىقات ئورنى» يەنە ماڭا مەزكۇر پروجېكتنىڭ تاماملىنىشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئىككى مەۋسۇملۇق تەتقىقات ياردەمچىسى سەپلەپ بەردى ھەمدە ئۇيغۇرغا مۇناسىۋەتلىك تېمىلاردا پائالىيەت ۋە سۆھبەت يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇش جەھەتلەردە مەن بىلەن ھەمكارلاشتى. بۇنىڭدىن سىرت، مەن «ياۋرو ـ ئاسىيادىكى تەتقىقات ۋە بىخەتەرلىكنىڭ يېڭى مېتودى»دىكى (PONARS) خىزمەتداشلىرىمغىمۇ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى خىزمىتىمنى تۈگىمەس ئەقلىي غىدىقلاش بىلەن تەمىنلىگەنلىكى ۋە تەكلىپ ـ پىكىر بەرگەنلىكى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك. بولۇپمۇ، بۇ كىتابنىڭ ئەسلى تەسەۋۋۇرى مەن 2012 ـ يىللىق PONARS مۇھاكىمە يىغىنىدا بۇ خىزمەتداشلارغا سۇنغان تەتقىقات دوكلاتىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى رىغبەتلىرى مېنىڭ بۇ پروجېكتنى ئۈستۈمگە ئېلىشىمغا تۈرتكە بولغانىدى. ئاخىرىدا، مەن تەتقىقات ياردەمچىلىرىمنىڭ ئۆتكەن بىر نەچچە يىلدا ئۈچۈر ئىزدەش، زىيارەت خاتىرىسى يېزىش ۋە (مەزكۇر كىتاب توغرىسىدىكى) ئوي ـ خىياللىرىمغا قارىتا مۇھىم تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى بېرىش ئارقىلىق ماڭا ياردەم قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن. بۇلار شىرىن ئارسلان، ئالىسون كۋاترىنى (Allison Quatrini) ۋە بەكزات ئوتەپ قىزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا، مەن بۇ خىزمەتنى ھەرگىز تاماملىيالمايتتىم. مەن ھەممىڭلارنىڭ كىتابنىڭ ئاخىرقى نۇسخىسىدا ئۆز ئەمگىكىڭلارنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈشۈڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن يەنە ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە تۈركىيەدىكى نۇرغۇن ئۇيغۇرلارغا رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك، ئۇلار تەتقىقاتىمنىڭ ئوخشىمىغان بۆلەكلىرىدە مەندىن ياردىمىنى ئايىمىدى. ئۇلار دائىم مېنى ئالاقىلىشىش ئۈچۈرلىرى ۋە باشقا ئۈچۈرلار بىلەن تەمىنلىدى، مېنى كىشىلەر بىلەن تونۇشتۇردى ۋە دائىم مېھماندوستلۇق بىلەن كۈتۈۋالدى. گەرچە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن نام ـ شەرىپىنى يوشۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاللىقاچان ئوتتۇرىغا چىقىپ بولغان شەخسلەر بولغاچقا، مەن ئۇلارغا ئاشكارا تەشەككۈر ئېيتالايمەن. بۇلار ئابدۇۋەلى ئايۇپ، تاھىر ئىمىن، رابىيە قادىر، ئۆمەر قانات، ئالىم سېيتوف ۋە سېيىت تۈمتۈرك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار ۋە ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان باشقا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مەندىن ۋاقتىنى ۋە ياردىمىنى ئايىمىدى. گەرچە «IntelCenter»دىكى بېن ۋېنزىك (Ben Venzke) ئۇيغۇرلاردىن بولمىسىمۇ، مەن يەنىلا ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىمەن، ئۇ مېنىڭ ئۆز تەشكىلاتىنىڭ «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان ۋىدىيولار جۇغلانغان ۋىدىيو ئامبىرىنى ئېتىبار باھادا زىيارەت قىلىشىمغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. بۇ ۋىدىيولار «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ تارىخىنى يېشىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئىدى.

مەن ئۇيغۇر مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىدىغان، بارغانسېرى زورىيىۋاتقان خەلقئارالىق تەتقىقاتچىلار قوشۇنىغىمۇ رەھمەت ئېيتىمەن. گەرچە مەن مەزكۇر كىتابتا ئەسەرلىرى نەقىل قىلىنغان بارلىق تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن چوڭقۇر چۈشەنچىلەرگە ئېرىشكەن بولساممۇ، ئەمما مەن بۇ كىتابنىڭ ئورگىنالىنى ئوقۇپ، پەۋقۇلئاددە پايدىلىق پىكىرلەرنى بەرگەن، دېيۋىد بروفى (David Brophy)، جوئاننى سمىس فىنلېي (Joanne Smith - Finley)، جېيمس مىلۋارد (James Millward) ۋە رىيان سام (Rian Thum) قاتارلىقلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن. بۇنىڭدىن سىرت، مەن مايكول كلارك (Michael Clarke) ۋە دەرىن بايلېرغىمۇ (Darren Byler) باشقا ئەسەرلەرگە بەرگەن ۋە كېيىن مەزكۇر كىتابقا سىڭدۈرۈلگەن پىكىرلىرى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىمەن، شۇنداقلا جېيمس لېيبولدنىڭ (James Leibold) مېنى بۇ كىتابنى يېزىشقا رىغبەتلەندۈرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن. مەن مەزكۇر كىتابنىڭ ئورگىنالىنى كۆرۈپ چىققان نامسىز شەخسلەرگىمۇ ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك. ئۇلارمۇ ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىقى ساھەسىدىكىلەر بولۇپ، ئۇلار ئورگىنالنى تېز ۋە ئەستايىدىل كۆزدىن كەچۈرۈپ، ناھايىتى پايدىلىق تەكلىپلەرنى بەردى. مەن بىلەن ئۇيغۇر كۇلتۇرى ۋە تارىخىنى سائەتلەپ مۇزاكىرە قىلىشقان بۇ ساھەدىكى نۇرغۇن كىشىلەرگە دېيدىغىنىم، مەن سىلەرنىڭ چۈشەنچىڭلار، ئەمگىكىڭلار ۋە دوستلۇقۇڭلارغا رەھمەت ئېيتىمەن. مېنىڭچە ئاكادېمىك ساھەدە بۇنىڭغا ئوخشاش مېھماندوست ۋە ئىجىل - ئىناق تەتقىقات چەمبىرىكى ئاز بولسا كېرەك.

كىتاب يېزىش ئىنتايىن كۆپ شەخسىي ۋاقىت ئاجرىتىشنى تەلەپ قىلىدىغان بولغاچقا، بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىش جەريانىدا ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ماڭا قىلغان سەبىرچان مۇئامىلىسىگىمۇ چوڭقۇر مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرمەي تۇرالمايمەن. مەن ئايالىم ئاسېلنىڭ (Asel) كىتابنى تاماملىشىم ئۈچۈن ــــ بولۇپمۇ ئەڭ ئاخىرقى ھەپتىلەردە ــــ ماكان ھازىرلاپ بەرگەنلىكىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن. شۇنداقلا، مەن يەنە قىزىم ئايدىنىغىمۇ (Aideen) رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتقا بولغان قىزغىنلىقى ئارقىلىق يېزىقچىلىقىمغا ئىلھام بەخش ئېتىپ تۇردى. مەن ئۇشبۇ كىتابنى بۇ ئىككى نەپەر ئامېرىكالىق كۆچلۈك قازاق ئايالغا، يەنى ئۆيۈمدىكى «ئەترىتىم»گە بېغىشلايمەن.

گەرچە مەن بۇ كىتابنى مانچېستېر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ۋە پرىنسېتون ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ئۇنىڭغا مۇقەررەر ھالدا سىڭدۈرىدىغان ئەمگەكتىن تولۇق پايدىلىنىشتىن بۇرۇن يازغان بولساممۇ، يەنىلا ئۇلارنىڭ كىتابنى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدىكى جاپالىق ئەمگەكلىرىگە رەھمەت ئېيتىمەن. بولۇپمۇ، مەن جوناسان دې پېيېرنىڭ (Jonathan de Peyer) بۇ كىتابقا باشتىن - ئاخىر ئۆزىنى بېغىشلىغانلىقىغا ۋە سەبىرچانلىقىغا؛ شۇنداقلا فرېد ئاپپېلنىڭ (Fred Appel) بۇ كىتابنىڭ يېزىلىشىغا بولغان قىزغىنلىقى ۋە ئىشەنچىسىگە رەھمەت ئېيتىمەن.

ئەڭ ئاخىرىدا، مەن يىللار مابەينىدە قازاقىستان، قىرغىزىستان، تۈركىيە، ياۋروپا ۋە ئامېرىكادا زىيارەت قىلغان نۇرغۇن ئۇيغۇرلارغا رەھمەت ئېيتىمەن. مەن بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئوچۇق - ئاشكارا پائالىيەت قىلىۋاتقانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەمنىڭ روھىنى ئۆرگۈتىدىغان بۇ كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى

**تىلغا ئالمىدىم ھەمدە ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇلار ھەققىدە ئانچە تەپسىلىي توختالمىدىم. ئەمما، شۇنى بىلىڭلاركى، سىلەر زىيارەتىمنى قوبۇل قىلمىغان بولساڭلار، بۇ كىتاب مەۋجۇت بولمىغان بولاتتى. مەن سىلەرنىڭ پاجىئە ئالدىدىكى بەردەملىكىڭلارغا چوڭقۇر ئېھتىرام بىلدۈرىمەن، شۇنداقلا سىلەرگە ۋە پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىگە پارلاق كەلگۈسى نېسىپ بولۇشىنى تىلەيمەن.**

(تۈگىدى)

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم، ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمە قىلدى

* نەقىل مەنبەلىرى ئۈچۈن ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا مۇراجىئەت قىلغايسىز

مىسلىسىز ئويغىنىش



# ئۈمىدسىزلىكنى قانداق يېڭىمىز؟

روبېرت لىھىي

# ئۈمىدسىزلىكنى قانداق يېڭىمىز؟

دوكتور روبېرت لىھىي

مۇھىم نۇقتىلار

*** ئۈمىدسىزلىك كۆپىنچە ھاللاردا زۆرۈر بولمىغان ياكى مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارغا كىرىشىۋېلىشقا ياندىشىپ كېلىدۇ.**

*** ئۆتمۈشتىكى كەيپىياتنىڭ ئىجابىي رەۋىشتە ئۆزگىرىپ باققانلىقى توغرىسىدىكى پاكىتلارغا نەزەر ئاغدۇرۇش نۆۋەتتىكى ئۈمىدسىزلىككە تاقابىل تۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ.**

*** خۇددى ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە تولۇپ تاشقاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىش ئۈمىدسىزلىكنى يېڭىشنىڭ ئۆزگىچە تاكتىكىلىرىدىن بىرىدۇر.**

**چۈشكۈنلۈك سىزنى تورزاقا چۈشۈرىدىغان كۆز قاراش، قىلمىش ۋە كىشىلەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىش ئۇسۇلىنىڭ بىرىكمىسىدۇر. لېكىن، بۇ تورزاقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالى بار.**

**مەن ئىلگىرىكى ماقالىلىرىمدە كىشىنىڭ ئۆزىنى قەدىرلەش تۇيغۇسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ئۆزىنى باشقىلاردىن قاچىدىغان قىلىپ قويۇش، پاسسىپلاشتۇرۇش، ئۆزىدىكى مەسىلەر توغرىسىدا توختىماي ئويلاندۇرۇش ۋە ئۆزىنى چولتىلىق سەۋەبلىك ئەيىبلىگۈزۈش ئارقىلىق چۈشكۈنلۈكنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدىغانلىقى توغرىسىدا توختالغانىدىم. مەنچە كىشىنىڭ ئۆزىگە نامۇۋاپىق ۋە زىيادە قاتتىق تەلەپ قويۇۋېلىشى ئۆز تەنقىدىنىڭ (self ـ criticism) تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆز تەنقىدىنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى تۈزىتىش، ئۆگىنىش ۋە قوبۇل قىلىش كىشىنىڭ چۈشكۈنلۈكنى يېڭىشىگە تولىمۇ زور ياردەم بېرەلەيدۇ.**

**مەزكۇر ماقالىدە بىز چۈشكۈنلۈك كېسىلىنىڭ ئاچقۇچلۇق ئامىللىرىدىن بىرىنى، يەنى «ئىشلاردىن ئۈمىد يوق» دېگەن پوزىتسىيەنى مۇھاكىمە قىلىمىز. ئەگەر سىز مەسىلىڭىزنىڭ ھەل بولۇشىدىن ئۈمىد يوق دەپ قارىسىڭىز، ئۇ ھەقتە شۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرۈشتىنمۇ ۋاز كېچىشىڭىز، بېكىنىۋېلىشىڭىز، تېخىمۇ چۈشكۈنلىشىشىڭىز ۋە «پاجىئە»لىرىڭىز ھەققىدە توختىماي ئويلىنىشىڭىز مۇمكىن.**

**مەن بىمارلىرىمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك تۈنجى مەسىلىنىڭ ئۈمىدسىزلىك ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. كەيپىياتنى ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىنى بايقاش سىزنىڭ يېڭى تاكتىكىلارنى ياكى دورىلارنى سىناپ كۆرۈشىڭىزگە تۈرتكە بولىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشنى ياكى مۇھىتنى ئالماشتۇرۇپ بېقىش سىزنى يېڭى قىلمىشلارنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بىلەن**

تەمىنلىيەلەيدۇ. تەپەككۇرىڭىزنى ئۆزگەرتسىڭىز، چۈشكۈنلۈكنى يوقىتىش ئۈچۈن داغدام يول ئاچقان بولىسىز.

تۆۋەندە، ئۈمىدسىزلىكنى قانداق يەڭگىلى بولىدىغانلىقى بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى:

1. سىز نېمە سەۋەبلىك ئۈمىدسىزلىنىۋاتىسىز؟

بەلكىم سىز «كەيپىياتىم مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ، مەن ئىزچىل مۇشۇنداق چۈشكۈنلۈك ئىچىدە ئۆتۈشكە مەھكۇم» دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن. ياكى سىز ئەھمىيەتلىك بىرەر مۇناسىۋەتنى روياپقا چىقىرالمىغانلىقىڭىز ياكى ئۆزىڭىز زۆرۈر دەپ قارىغان باشقا نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرالمىغانلىقىڭىز سەۋەبلىك ئۈمىدسىزلىنىشىڭىز مۇمكىن. ئۇنداقتا، بىز كەيپىياتىڭىزنى تەھلىل قىلىپ باقايلى. ئەگەر ئەڭ زور دەرىجىدىكى ئۈمىدسىزلىككە ئون نومۇر قويۇشقا توغرا كەلسە، سىز ئۆزىڭىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئۈمىدسىزلىك دەرىجىڭىزگە توققۇز نومۇر قويۇشىڭىز مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بۇ ھەرقانداق ئادەمنى پەرىشان قىلىدىغان تولىمۇ كۆڭۈلسىز ئەھۋال. لېكىن، بىز بۇ خىل ھېسسىياتنىڭ ئەتىسى ئۆزگىرىدىغان ـ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى.

مەن ئويغاق ۋاقىتتىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي كەيپىياتلارغا نومۇر قويۇشنىڭ بىمارلىرىمغا تولىمۇ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ھەتتا ئەڭ ئېغىر دەرىجىدە «ئۈمىدسىزلىك»كە مۇپتىلا بولغانلارمۇ ئۆز كەيپىياتىنىڭ بىر كۈننىڭ ئوخشىمىغان ۋاقىتلىرىدا، نېمە قىلىۋاتقانلىقى، كىملەر بىلەن بىللە ئىكەنلىكى ۋە نېمە ئويلاۋاتقانلىقى سەۋەبلىك ئۆزگىرىدىغانلىقىنى بايقىغان. ئەگەر كەيپىيات ئوخشاش بىر كۈننىڭ ئىچىدە ئۆزگىرىدىغان بولسا، ئۇنى تېخىمۇ كۆپ ئۆزگەرتىش ئەلۋەتتە مۇمكىن. ئۆزگىرىشكە نىسبەتەن ئۈمىدۋار بولۇڭ.

2. ھاياتىڭىزدا قايسى نىشانلاردىن «ئۈمىد بار»؟

بەلكىم سىزنىڭ ئىشقا ئېشىشىدىن ئۈمىد كۈتىدىغان ـــ چوڭ ـ كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ـــ نۇرغۇن نىشانلىرىڭىز بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا، سىز ئىشقا ئاشۇرۇشقا پەقەت ئۈمىدىڭىز بولمىغان نىشانلارنىڭ ئورنىغا، دىققىتىڭىزنى (ئىشقا ئېشىشىدىن ئۈمىد بار بولغان) مۇشۇ نىشانلارغا مەركەزلەشتۈرۈڭ. بىز بىرەر ئىشتىن ئۈمىدسىزلەنگەندە، خۇددى روھىمىز گۆرۈگە ئېلىۋېلىنغاندەكلا، ئاشۇ بىر ئىشقا كىرىشىپ قالىمىز. مەسىلەن، پەرەز قىلايلىكى، سىز ئۆزىڭىزنى تەنھا ھېس قىلىسىز ۋە بۇ خىل تەنھالىق مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ دەپ ئويلايسىز. ئۇنداقتا، سىز ئىشقا ئېشىشىدىن ئۈمىد ئۈزمىگەن باشقا مۇئەييەن قىلمىش ياكى نىشانلار بارمۇ؟ تونۇش ـ بىلىشلەر بىلەن ئالاقىلىشىش، كىتاب ئوقۇش، چېنىقىش، يېڭى شەيئىلەرنى ئۆگىنىش، تەپەككۇر قىلىش، باشقىلارغا ياردەم بېرىش، ئۆز ـ ئۆزىڭىزگە كۆيۈنۈش دېگەندەك ئۆزىڭىز ئازدۇر ـ كۆپتۇر تىزگىنلىيەلەيدىغان قىلمىشلارنى سىناپ كۆرۈڭ.

«ئۈمىدسىزلىك» ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مۇجمەل ئۇقۇمدەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن، سىز ئۇنىڭ دائىرىسىنى پەقەت ئۆزىڭىز ئۈمىدسىزلەنگەن بىر ئىشقىلا تارايتىڭ (يەنى ھەرگىز ئۈمىدسىزلىكنى ھاياتىڭىزنىڭ ھەممە ساھەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال دەپ قاراپ، ئۇنىڭ دائىرىسىنى بىھۇدە كېڭەيتىۋەتمەڭ) ـ دە، ئاندىن ئۆزىڭىز تىزگىنلىيەلەيدىغان ئىشلارغا يۈزلىنىڭ. سىز ئۆزىڭىز تىزگىنلىيەلەيدىغان نىشانلارغا يۈزلەنگەندە، ئۈمىدسىزلىكىڭىزمۇ يوقىلىشقا يۈزلەنگەن بولىدۇ.

3. ئۆزىڭىزدىن «ئىلگىرىمۇ ئۈمىدسىزلەنگەنمىدىم؟» دەپ سوراڭ ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئىشلارنىڭ ئۆزگەرگەن ـ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى ئويلاڭ.

مەنچە، ھەممىمىز بەزىدە ئۈمىدسىزلىنىپ قالىمىز. سىز جورىڭىز، دوست ـ يارەن، يېقىن ـ يورۇقلىرىڭىز بىلەن ئازارلىشىپ قېلىشىڭىز؛ دوستىڭىزدىن كۆڭلىڭىز قېلىشى؛ ھەتتا سۆيۈملۈك كىشىلىرىڭىزدىن بىرەرسى ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن. نۇرغۇنلىرىمىز بۇ خىل ئىشلار سەۋەبلىك ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پاتىمىز. مەنمۇ ئۆز ھاياتىمدا نۇرغۇن قېتىم ئۈمىدسىزلەنگىنىمنى ئەسلىيەلەيمەن. لېكىن، مەن ئاخىرىدا بۇ خىل ھېسسىياتنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم. ئەمەلىيەتتە، بىزدىكى كەيپىياتلارنىڭ ھەممىسى ـــ مەڭگۈلۈكتەك كۆرۈنگىنىگە قارىماستىن ـــ ئۆتكۈنچىدۇر. ئەگەر سىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىڭىز ئۆزگەرگەن بولسا، ئۇنداقتا سىز ئۆز ـ ئۆزىڭىزگە «نۆۋەتتىكى (سەلبىي) كەيپىياتىممۇ ئۆزگىرەمدۇ، قانداق؟» دەپ سوئال قويۇپ بېقىشىڭىز كېرەك.

4. سىز نېمە ئۈچۈن ئىشلاردىن ئۈمىد يوق دەپ قارايسىز؟

بۇنداق دەپ قاراشتىكى سەۋەبلىرىڭىزنى يېزىپ، ئاندىن ئۇلارنى تەكشۈرۈپ چىقىڭ. مەسىلەن، پەرەز قىلايلىكى، سىز ئەڭ يېقىن دوستىڭىز بىلەن تەتۈر قارىشىپ قالغانلىق سەۋەبلىك بەكلا ئۈمىدسىزلىنىپ كەتتىڭىز ۋە «ئەمدى ھەرگىز خۇشال بولالمايمەن» دەپ ئويلىدىڭىز. ئەلۋەتتە، بۇ خىل ئەھۋالدا بۇنداق ئويلاش بىنورماللىق ئەمەس. لېكىن، سىز ئۆزىڭىزنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز خۇشال بولالمايدىغانلىقىڭىزغا «كاپالەتلىك» قىلالامسىز؟ ئۆزىڭىزنى ھازىرقىدىن زىنھار ياخشىلىنالمايدىغاندەك ئويلىشىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بەلكى سىز «مەن بەكلا ئازابلىنىپ كېتىۋاتىمەن، كەيپىياتىمنىڭ ياخشىلىنىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن» دېيىشىڭىز مۇمكىن. بۇ «ھېسسىي يەكۈن» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنى بۇ خىل ئەھۋالدا، سىز ئۆزىڭىزنىڭ مەۋجۇت ھېسسىياتى ئارقىلىق كەلگۈسىدىكى ھېسسىياتىڭىزنى مۆلچەرلەۋاتقان بولىسىز. سىزچە بۇنداق قىلىش مۇۋاپىقمۇ؟ ياكى سىز «مەن بۇ دوستۇمسىز ھەرگىز خۇشال ئۆتەلمەيمەن» دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن. ئۇنداقتا، ئەجەبا سىز شۇ دوستىڭىز بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرى پەقەتلا خۇشال بولۇپ باقمىغانمۇ؟ كەلگۈسىدىكى كەيپىياتىڭىز توغرىسىدىكى سەلبىي مۆلچەرىڭىزنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىڭ. بىز كۆپىنچە ھاللاردا ئۆز كەلگۈسىمىزنى پەقەتلا توغرا مۆلچەرلىيەلمەيمىز.

**5. مەۋجۇت ھالەتنى ئاڭقىرىش (mindful awareness) ئارقىلىق كەيپىياتىڭىزنى نورماللاشتۇرۇشنى مەشق قىلىڭ.**

سىز ئۆزىڭىزنىڭ مۇشۇ پەيتنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئۈمىدسىزلىنەلمەيدىغانلىقىڭىزنى ۋە خالىغان ۋاقتىڭىزدا «مۇشۇ پەيت»كە قايتىپ كېلەلەيدىغانلىقىڭىزنى بايقايسىز. ئۈمىدسىزلىك ھەردائىم كەلگۈسى توغرىسىدا بولىدۇ. مەۋجۇت ھالەتنى ئاڭقىرىش بولسا مۇشۇ پەيتكە ئالاقىدار دۇر. سىز خالىغان مىقداردا مەۋجۇت ھالەتنى ئاڭقىرىش مەشقى قىلسىڭىز بولىدۇ. مەسىلەن، دىققىتىڭىزنى نەپەسلىنىشىڭىزگە، ئەتراپىڭىزدىكى مەنزىرىگە ياكى ئاۋازغا مەركەزلەشتۈرسىڭىز بولىدۇ. ياكى ئاپېلسىندىن بىرەرنى ئاقلاپ، ئۇنىڭ خۇشپۇرىقىدىن ھۇزۇرلانسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئۆزىڭىزنى مەۋجۇت پەيتنى — ھۆكۈمدىن خالىي رەۋىشتە — ئاڭقىرىدىغان ھالەتكە ئەكەلسىڭىز، شۇ پەيتتە ئۈمىدسىزلىكنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلالايسىز.

**6. ئۈمىدسىزلىككە ئۈمىدسىزلەنمىگەندەك ھالەتتە قارشى تۇرۇڭ.**

بىزنىڭ كۆز قاراشلىرىمىز ۋە كەيپىياتىمىز كۆپىنچە ھاللاردا ئۆز-ئۆزىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان بېشارەت (self-fulfilling prophecy) بولۇپ چىقىدۇ. ئەگەر مەن ئۈمىدسىزلەنسەم، ئۆزۈم يالغۇز بېكىنىۋالىمەن، پاسسىپلىشىمەن ۋە توختىماي سەلبىي خىيال قىلىمەن. لېكىن، كەيپىياتنىڭ ئەكسىچە يول تۇتۇش كۆپىنچە ھاللاردا ئۈمىدسىزلىك كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاشنىڭ ياخشى چارىسىدۇر. ئەگەر سىز ئۈمىدسىزلەنمىگەن بولسىڭىز، قانداق قىلغان بولاتتىڭىز؟ بەلكىم سىز چېنىقىشىڭىز، دوستلىرىڭىز بىلەن ئالاقىلىشىشىڭىز، يېڭى ۋەزىپىلەرنى قوبۇل قىلىشىڭىز، ئاللىكىملەر بىلەن پىلان تۈزۈشىڭىز، سەيلە قىلىشىڭىز ... مۇمكىن ئىدى. خۇددى «... دەك» قىياپەتكە كىرىۋېلىش تېخىمۇ زور ئۈمىدكە تولغان كەلگۈسىگە يول ئېلىشنىڭ تۇنجى قەدىمىدۇر.

**7. بەختلىك بولۇشىڭىزنىڭ ھەرقانداق مۇئەييەن شەخس ياكى كەچۈرمىشكە باغلىق ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتىڭ.**

گاھىدا بىز نەزەر دائىرىمىز تارىيىپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك ئۈمىدسىزلىنىمىز. يەنى بىز ئۆزىمىز زۆرۈر دەپ قارىغان مەلۇم بىر شەخسكە، كەچمىشكە، نىشانغا كىرىشىۋالىمىز. مەسىلەن، سىز يېقىن دوستىڭىز بىلەن ئاارىلىشىپ قالغاندىن كېيىن، بۇ ئادەمنى ئۆزىڭىزنىڭ بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن «بولمىسا بولمايدۇ» دەپ ئويلىۋالىسىز. ھالبۇكى، سىز ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇشتىن ئىلگىرىمۇ خۇشال بولۇپ باققانىدىڭىز. ياكى سىز خىزمىتىڭىزدىن ئايرىلىپ قالغانلىق سەۋەبلىك «مەندە ئۈمىد قالمىدى» دەپ ئويلايسىز. ۋەھالەنكى، بۇ خىزمەت بەختلىك بولۇشنىڭ شەرتى ئەمەس. چۈنكى، ئاشۇ خىزمەتكە ئېرىشەلمىگەن تالاي ئادەملەرنىڭ ئۈمىدسىزلەنمەي خۇشال ياشاۋاتقانلىقى قىل سىغماس رېئاللىقتۇر. بۇ خىل زىيادە كىرىشۋېلىش

ۋە ئېلاستىكىلىقتىن مەھرۇم بولۇش چۈشكۈنلۈكنى تېخىمۇ ئەدىتىۋېتىدۇ. مۇئەييەن بىر نىشاننىڭ ئۆزىڭىز ئۈچۈن «بولمىسا بولمايدىغان» ئەمەسلىكىنىڭ سەۋەبلىرىنى يېزىپ چىقىپ، ئاندىن ئۆزىڭىز ئىشقا ئاشۇرالايدىغان باشقا نىشانلارغا يۈزلىنىڭ.

شۇنى ئۇنۇتماڭكى، چۈشكۈنلۈك ۋە ئۈمىدسىزلىكنى يېڭىشكە ۋاقىت كېتىدۇ. بۇ يېڭى بىر ماھارەتنى، يېڭى تەپەككۇر ۋە قىلمىش مېتودىنى ئۆگىنىشكە ئوخشايدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://www.psychologytoday.com/us/blog/anxiety-files/202104/how-overcome-hopelessness



# قەشقەرىيە دۆلىتىنىڭ ئەسكىرىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى

# ياقۇپبەگ دەۋرىدىكى قەشقەر خانلىقىنىڭ

# ھەربىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى

كۆز ياشلىرىمىزدىن دۆلەت ۋۇجۇدقا چىقىش-چىقماسلىقى نائېنىق، لېكىن تۆككەن قانلىرىمىز دۆلەت قۇرۇشقا يەتكۈدەك دەرىجىدە كۆپ ئىدى. ــــ ھەبىب خان

قەشقەر خانلىقى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان رايونى ختاي، غەربىي تۈركىستان، ئافغانىستان، ھىندىستان ۋە رۇسىيە بىلەن چېگرالىنىدىغان بولۇپ، گېئوپولىتىك نۇقتىدىن ئاسىيانىڭ ئەڭ مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ يەر 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق باياۋان قاتارلىق خىلمۇخىل ئېكولوگىيەلىك سىستېمىنى، ئالتاي تېغى، قاراڭغۇ تاغ (قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى، ت)، تەڭرىتېغى قاتارلىق تاغلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مىليون 823 مىڭ 428 كۋادرات كىلومېتىرلىق مۇشەققەتلىك تۇزۇلۇشكە ئىگە رايوندۇر. ماناس دەرياسى، تارىم دەرياسى، ئىلى دەرياسى قاتارلىق دەريالار مەزكۇر رايوننىڭ سۇ تەمىناتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان. يەرئاستى بايلىقلىرى تولىمۇ مول بولغان شەرقىي تۈركىستاندا غايەت زور مىقداردا مىس، تۆمۈر، ئالتۇن، كۆمۈش، نېفىت، كۆمۈر زاپىسى مەۋجۇت. خوتەن، يەركەن، قەشقەر قاتارلىقلار مەزكۇر رايوندىكى ئەڭ مۇھىم شەھەرلەردىندۇر. بۇنىڭدىن سىرت، تارىخىي يىپەك يولى لىنىيەسى مۇشۇ رايوندىن ئۆتىدۇ.

مەزكۇر رايوندا ئالدى-كەينى بولۇپ ھونلار، كۆكتۈركلەر، ئۇيغۇرلار، قاراخانىيلار، چىڭگىز ئىمپېرىيەسى، چاغاتاي خانلىقى ۋە تېمۇرىيلار دۆلىتى ھۆكۈم سۈرگەن. تېمۇردىن كېيىن بۇ رايوندا سەئىدىيە ياركەنت خانلىقى قۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ دۆلەت ئۇزۇن دەۋر سۈرەلمەيلا، موغۇل-قالماقلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن، بۇ رايوندىكى نوپۇز بوشلۇقىدا، خوجىلار ھاكىمىيىتى دەۋرى باشلىنىپ، رايون نوپۇز ساھىبلىرى بولمىش دىنىي زاتلار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنغان. ئارقىدىن، 1757-يىلى مانجۇ ئىستېلاسىغا دۇچ كەلگەن ۋە 1864-يىلىغا قەدەر، رايون خەلقى 42 قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن بولسىمۇ، شەرقىي تۈركىستان يەنىلا ئىشغالىيەتتىن قۇتۇلالمىغان. مەزكۇر ئىشغالىيەت جەريانىدا مانجۇلار بۇ يەرنى تولىمۇ قاتتىق باشقۇرغان، ئۇلارغا قارشى چىققان خەلق قەتلىئامغا ئۇچراپ، ئىتائەت قىلىنىشقا مەجبۇرلانغان. نەتىجىدە، 1864-يىلى مانجۇلارنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتىنىڭ ئاجىزلىشىشى بىلەن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇھىم شەھەرلىرى مانجۇ ئىشغالىيىتىدىن قۇتۇلغان ۋە شۇنىڭدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ياقۇپبەگ بۇ رايوننىڭ ھاكىمىيىتىنى قولىغا كىرگۈزۈپ، قەشقەر خانى بولغان (1).

**ياقۇپ بەگنىڭ قانۇنىي سالاھىيىتى ۋە ھاكىمىيەت شەكلى**

ياقۇپبەگنىڭ سالاھىيتى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ھۆكۈمدارلارنىڭكىدىن پەرقلىقتۇر. چۈنكى، ئۇ قۇرغان ھاكىمىيەت، ئەمىرلىك ياكى خانلىقنىڭ يىلتىزى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇللۇق قانۇنىي سالاھىيتى خەلقنىڭ ئېھتىياجلىرىنىڭ تەقەززاسى سۈپىتىدە داۋاملاشقانىدى. ئۇ خوجىلار تەبىقىسىگىمۇ تەۋە بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ قارشىلىقىغا نىسبەتەن، باشقا ئۇسۇللاردا قانۇنىي سالاھىيەتكە ئېرىشىشكە ئۇرۇنغانىدى (2). ئۇ خانلىق ئىچىدىكى كۈچىنى پۇقرا ۋە تىجارەتچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خىلمۇخىل تائىپىلەر ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلغانىدى ۋە ئۆزى قۇرغان خانلىقنى ئەنگلىيە، رۇسىيە ۋە چىڭ سۇلالىسى ئارىسىدىكى رىقابەتتىن پايدىلىنىپ ساقلاپ قېلىشقا تىرىشقانىدى. چۈنكى، شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەقىل تۈرك دۆلىتىنىڭ رۇسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئارىسىدا ئۆتكۈنچى بەلباغ بولىدىغانلىقى ئەنگلىيە ئۈچۈن ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، ئەنگلىيە بىلەن رۇسىيە قەشقەردە قۇرۇلغان مۇستەقىل تۈرك خانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئەلچىخانا تەسىس قىلغانىدى.

ياقۇپبەگنىڭ قانۇنىي سالاھىيتى خەلق ئىچىدە تالاش-تارتىش قىلىنمايتتى. لېكىن، خانلىق خىزمەتچىلىرىنىڭ باج توپلاش خۇسۇسىدىكى ئۆز بېشىمچىلىقى خەلقنىڭ ئوردىدىن نەپرەتلىنىشىگە سەۋەب بولغانىدى. چۈنكى، بۇ جەھەتتىكى بىئارامچىلىق تىجارەتچىلەر ئارىسىدىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئىدى. ياقۇپبەگ تەرىپىدىن ۋەزىپىگە قويۇلغان خىزمەتچىلەر تىجارەتچىلەرنىڭ ماللىرىنى خالىغانچە مۇسادىرە قىلاتتى. بۇ خىل ئەھۋال بۇ دۆلەتكە كەلگەن تىجارەتچىلەر ئارىسىدا تەشۋىش پەيدا قىلىپ، ياقۇپبەگنىڭ قانۇنىي سالاھىيىتىگە سوئال تاشلاپ تۇراتتى. ھەرقايسى رايونلارغا ئەمەلدار تەيىنلىگەندىمۇ ئوخشاش ئەھۋال كۆرۈلەتتى. دەرۋەقە، خوتەن، ئاقسۇ ۋە كورلا مەمۇرىيەت بوشلۇقى سەۋەبلىك ۋەيران بولغانىدى. ياقۇپبەگ نە قەدەر دىندار كۆرۈنسىمۇ، زىيادە كۆپ توي قىلغانلىقى خەلق ئارىسىدا غۇلغۇلا پەيدا قىلغانىدى. ئۇ يەرلىك خەلقتىن سىرت، خىتاي، تۇڭگان، قالماق ۋە قازاق ئەسىرلەردىن غەنىيمەت ھېسابىدا ئالغان قىزلاردىن نۇرغۇنى بىلەن توي قىلىپ، ئۇلارنى ھەرەمگە ئەكىرىۋالغانىدى (3).

ئەنگلىيەلىك تەتقىقاتچىلارنىڭ پەرەزلىرىنىڭ ئەكسىچە، يەرلىك خەلقنىڭ ياقۇپبەگكە قاراتقان تۇتۇمى ئىزچىل مۇقىم ئىدى. ئۇلارنىڭ قەشقەرگە «كەلگۈندى» ھېسابلىنىدىغان ياقۇپبەگنى ياقتۇرغۇسى ۋە ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيتتى. بولۇپ، خوتەن ئەسكەرلىرى قوشۇنىدا يۈكسەك سەۋىيەگە چىققانلىقى ئۈچۈن ياقۇپبەگنى قاتتىق ھۆرمەتلىسىمۇ، لېكىن خوتەن خەلقىنىڭ تۇتۇمى بۇنىڭغا تۈپتىن قارىمۇقارشى ئىدى. مۇسامى خامادا تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «خوتەن تارىخى» ناملىق ئەسەردە تۆۋەندىكىدەك شېئىر بار:

بېيجىڭدىن خىتايلار كەلدى، ئاسماندىكى يۇلتۇزلار كەبى،

ئەنجانلىقلار يۈكسەلدى، ئاقتى، ئورماندىكى توڭگۇزلار كەبى.

ئۇلار بىكار كەلدى، بىكار كەتتى، ئەنجانلىقلار،

ئۇلار قورققانچە كەتتى، پەرىشان بولدى، ئەنجانلىقلار.

ئۇلار ھەركۈنى يۈزى ئېچىلمىغان قىزلارنى خوتۇن قىلدۇ،

ئۇلار چرايلىق خوتۇنلارنى كۆرۈپ تاماشا قىلدى.

ئۇ (ياقۇپبەگ) تۇرپاندىن قېچىپ كورلىغا كەلدى،

دۈشمەنگە ئوق چىقارماي، نومۇس قىلماي تەسلىم بولدى.

سەن (ياقۇپبەگ) توخۇ يۈرەكلەرچە قەبرىگە كىردىڭ.

بارچە ئەسكەرلەر ئۇنىڭغا ھەيران بولدى.

ئاندىن شەھەرلەرگە بالا ياغدى،

ختاي بېسىم قىلدى،

مۇسۇلمانلار ئاللاھقا يىغلىماقتا (4).

ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ نوپۇز ئاساسىنى دىن ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلغان ۋە پۈتۈن تۈركىستاندا مۇجاھىد دەپ ئاتالغاندى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۇرۇشلىرى ئاساسەن چەك سۇلالىسىگە قارشى ئىدى ۋە ئۇ خەلىپە (ئوسمانلى سۇلتانى ئابدۇلئەزىز، ت) بۇ رايوندا ھوقۇق بەرگەن بىردىنبىر كىشى ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، ئۇ ھېچقاچان سۇلتان ياكى شۇنىڭغا تەڭداش مەنسەپ نامى قوللانماستىن، «ئاتالىق غازى» ياكى «بەدەۋلەت» ناملىرىنى قوللىنىش بىلەن كۇپايىلەنگەنىدى. ئوسمانلى سۇلتانى ۋە ئىسلام خەلىپىسى بولغان ئابدۇلئەزىزنىڭ ئۇنى ئېتىراپ قىلىشى ئۇنىڭ مۇجاھىدلىق ئاتىقىنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزگەنىدى. تاھارەت ئالغاندىمۇ دىنىي كۆرسەتمىلەرگە كەم ـ كۈتىسىز رىئايە قىلىدىغان ۋە ئەتراپىدىكىلەردىنمۇ شۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلغان ياقۇپبەگ رەسمىي كېلىشىملەردىمۇ «مۇجاھىد» ئۇنۋانىنى قوللىنىشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى (5).

ياقۇپبەگنىڭ ھاكىمىيەتكە بولغان قەتئىي كونتروللۇقىنى دۆلەتنىڭ ھەممىلا يېرىدە ھېس قىلغىلى بولاتتى. ئۇ دۆلەتنىڭ 15 رايوندا «دادخاھ» ئۇنۋانىدا ۋەزىپىدارلارنى تەيىنلەيتتى ۋە بۇلارغا چوڭ ھوقۇقلارنى بېرەتتى. لېكىن، ئۆز نۆۋىتىدە بۇلارنىڭ ھوقۇقلىرىنى چەكلەپ تۇرىدىغان قازىلارنى تەيىنلەشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايتتى. يەنى ئۇ ئۆزى زور ھوقۇق بەرگەن ئەمەلدارلارنى شەرىئەت پىرىنسىپلىرى ئاساسىدا تىزگىنلەپ تۇرۇشقا تىرىشاتتى. ئوردىغا توختىماي خەۋەر يوللىنىپ، ياقۇپبەگنىڭ ھەرئىشتىن ۋاقىپ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىناتتى. خەلق يەرلىك ئەمەلدارلاردىن نارازى بولسا، بۇ نارازىلىقلىرىنى قازىلار ئارقىلىق ئوردىغا يەتكۈزەتتى. شەرىئەت نىزاملىرىغا قاتتىق ئەھمىيەت بەرگەن ياقۇپبەگ ئۈچۈن قازىلار تولىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ دۆلەتتىكى بارلىق ئەمەلدارلارنى ئۆزى بىۋاسىتە تەيىنلەيتتى (6). قازىلارغا ئالاقىدار ئالاھىدە ساقچى تەشكىلاتى قۇرغان ياقۇپبەگ دۆلەتكە بولغان قاتتىق كونتروللۇقىنى ئەنە شۇ شەكىلدە كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى ئويلايتتى. مەزكۇر ساقچى تەشكىلاتى كۈندۈزى قازىلارنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلسا، كېچىلىرى ئامانلىق ساقلاشقا مەسئۇل ئىدى. ئۆزىگە خاس فورمىلىرى بار بولغان

بۇ ساقچىلار شەھەر ئىچى ۋە شەھەر سىرتى تەشكىلاتلىرىغا ئايرىلغاندى. شەھەر سىرتى ساقچىلىرى ئومۇمەن شەھەر سىرتىدىكى يوللارنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل ئىدى. ئۇلار ئەترەت ھالىتىدە يول چارلاپ، ئامانلىقىنى كاپالەتلىك قىلاتتى.

ساداقەتمەنلىككە ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قويىغان ياقۇپبەگ ئۆز ئەتراپىدىكىلەرنىڭ سادىقلىقىنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن، ئۇلارغا كەڭ زېمىنلارنى ئىنئام قىلاتتى. بۇ خىل ساداقەت بىلەن بىللە، ئۇردا ئەركانلىرىنىڭ ئىنتىزامچانلىقىمۇ قۇسۇرسىز ئىدى. ھەتتا، ئائىلە ئەزالىرىمۇ ئۇنىڭغا بەك يېقىن كېلەلمەيتتى ۋە ئۇردا قائىدىلىرىگە قاتتىق رىئايە قىلاتتى. بوۋلگېر (Boulger) بۇ ئەھۋالنى بايان قىلىپ شۇنداق دېگەن: «بىر قانچە نەپەر تۇغقىنى ۋە ئۆزىگە يېقىن ھېسابلايدىغان كىشىلەردىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا ئولتۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار (يەنى ياقۇپبەگنىڭ ئۇشبۇ يېقىنلىرى)مۇ ھۆكۈمدارنىڭ ئەتراپىدا ئەمەس، نېرىسىدىراق ئولتۇرالايتتى.»

## قەشقەر شەھىرى

قەشقەرنىڭ جەنۇبىدا قاراقۇرۇم تېغى، شىمالىدا تەڭرىتاغلىرى، غەربىدە پامىر يايلىقى، شەرقىدە بولسا تەكلىماكان قۇملۇقى بار. قەشقەرنىڭ ئىسمى ئۇيغۇرچىدىكى «قاشتېشى»دىن كەلگەن. ساتۇق بۇغراخان دەۋرىدە ئىسلام دىنى بۇ رايوندا ھۆكۈمران ئورۇنغا چىققان. رۇسلار بولسا قەشقەرنى ئالتۇن شەھەر دەيتتى (8). ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ يەر شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەڭ مۇھىم سىياسىي ۋە كۇلتۇرەل شەھەرلەردىن بىرىگە ئايلانغان. 15 ـ ئەسىردە، موڭغۇللار قەشقەرنى قولغا كىرگۈزۈپ، بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلىشىش جەريانىنى توسقۇنلۇققا ئۇچراتقان. 19 ـ ئەسىردە، بۇ رايوندا تولىمۇ كۆپ ساندىكى قىرغىز ۋە قازاق ياشىغان. ھونلارنىڭ نەسلىدىن بولغان قىرغىزلار ۋە قازاقلار قابىل جەڭچىلەردىن ئىدى ۋە ئۇلارنى تىزگىنلەش قىيىن ئىدى. قازاقلار رەڭدار ئەتلەسلەرنى ۋە سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان يامغۇرلۇققا ئوخشاش كىيىملەرنى بۇخاراغا سېتىش ئارقىلىق مۇھىم تىجارەت تورى بەرپا قىلغاندى. قەشقەردىكى بىر تاغدا ياشايدىغان قالماقلار بولسا كۆچمەن چارۋىچى ھالەتتە ياشاۋاتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەگلىرى «قاشقا» دەپ ئاتىلاتتى.

ئۇيغۇرلار قەشقەر شەھرىنىڭ نوپۇسىنى تەشكىل قىلىدىغان يەنە بىر مىللەت ئىدى. شەھەردە خىتايلار كەمدىن كەم ئۇچرايتتى. يىپەك يولىدىكى ئەڭ مۇھىم شەھەرلەردىن بىرى بولغان قەشقەرنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا 16 مىڭ تۈتۈن (تەخمىنەن سەكسەن مىڭ ئادەم) نوپۇسى ۋە 11 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قەلئە سېپىلى بار ئىدى. شەھەر نۇرغۇنلىغان جىلغا ۋە مەھەللىگە بۆلۈنگەنىدى. قەشقەر شەھرىنى ئۆزىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى ۋە تارىخىي بايلىقى سەۋەبلىك شەرقىي تۈركىستاننىڭ يۈرىكى دېيىشكە بولاتتى. خىتايلارنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئولتۇراق رايونلىرى ئايرىم ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدىكى قەشقەر شەھرىدە مانجۇ ۋە خىتاي ئەمەلدارلار ئۈچۈن يېڭى بىر شەھەر بەرپا قىلىنىپ، شۇ ئارقىلىق خەلق

بىلەن باشقۇرغۇچىلار تائىپىسى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈزۈلگەن، تۈركلەر بىلەن مانجۇلارنىڭ قارشى تەرەپىنىڭ شەھرى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەگە چۈشۈرۈلگەنىدى. قىزىلسۇ دەرياسى تەرىپىدىن كونا شەھەر ۋە يېڭى شەھەردىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىلغان قەشقەر شەھىرى ئۆزئارا كۆۋرۈك ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغانىدى (9). مەھمەد ئارىف قەشقەر شەھىرىنىڭ پاسىللىرىنى بايان قىلىپ شۇنداق دېگەن: «قەشقەر قىتئەسى شىمالدا سىبىرىيە، رۇسلار خىتايلاردىن تارتىۋالغان غۇلجا ۋە قوقەندىنىڭ بىر قىسمى بىلەن؛ جەنۇبتا ھىندىستان، ئافغانىستان ۋە خىتاينىڭ بىر قىسمى بىلەن؛ شەرقتە يەنە خىتاي بىلەن؛ غەربتە بولسا تۈركىستان، يەنى خارەزىم ۋە ماۋارائۇننەھر بىلەن چېگرالىنىدۇ» (10).

خىتايلارنىڭ قەشقەر شەھىرىگە تۇتقان پوزىتسىيەسى باشقا ئەللەرنىڭكىدىن پەرقلىق ئىدى. قەشقەر خىتايغا نىسبەتەن مەركەزدىن يىراق جاي بولغاچقا، خىتاي ھۆكۈمەتلىرى شەرقىي تۈركىستان بىلەن بولغان تىجارەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلمىگەنىدى. خىتاينىڭ بۇ تۇتۇمى سەۋەبلىك، شەرقىي تۈركىستان بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى سودا مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. بۇنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە، شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي سودىگەرلەر ئاز ئىدى. خىتايلار ئاچقان دۇكانلارمۇ پەقەت خىتايلارنىڭلا ئېھتىياجىنى قاندۇراتتى. ھالبۇكى، قەشقەر رۇسىيە ئۈچۈن بىر تىجارەت مەركىزى ئىدى. ياقۇپبەگ دەۋرىدىمۇ، رۇس سودىگەرلەر بۇ رايوندىكى ئەڭ تەسىردار سودىگەرلەردىن ھېسابلىناتتى. رۇسلارنىڭ تۈركىستاندا ئۇزۇندىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكى سەۋەبلىك، بۇ رايوندا ھەم رۇس سودىگەرلەرنىڭ ئىناۋىتى ئاشقان، ھەم رۇس ماللىرىغا بولغان ئېھتىياج كۈچەيگەنىدى. ئېگىز تاغلار ئارقىلىق غەربىي تۈركىستاندىن ئايرىلىپ تۇرغان قەشقەر ئۈچۈن ئۆتكىلى بولىدىغان (يەنى رۇسىيەنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى غەربىي تۈركىستان بىلەن ئالاقە قىلغىلى بولىدىغان) لىنىيەلەرمۇ چەكلىك ئىدى. تەڭرىتاغلىرىدىن قەشقەرگە سوزۇلغان يوللار ئارىسىدا ئەڭ بىخەتەرلىرى تىرەك، تۇرۇغارت، تويۇن ۋە سۈيەك يوللىرى ئىدى. بۇ يوللار قىش ئايلىرىدىمۇ غەرب بىلەن بولغان باردى-كەلدىلەردە ئىشلىتىلىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك لىنىيەلەر ئىدى (11). ھىندىستان ئارقىلىق تۈركىستان رايونى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ئۇرۇنغان ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۈچۈن بولسا، بۇ رايون تىجارەتتىن بەكرەك سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. بولۇپمۇ، رۇس ھاكىمىيىتىگە قارشى ئۆتكۈنچى بەلباغلىق رولىنى ئوينايدىغان شەرقىي تۈركىستاندا ئەنگلىيەلىكلەرمۇ ياقۇپبەگ بىلەن سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىشقا باشلىغانىدى.

### قەشقەردىكى دىنىي كۈنلەر

قەشقەر خەلقى ئۈچۈن دىنىي كۈنلەر ۋە يەرلەر مۇھىم ئىدى. ئاپاق خوجىنىڭ مازىرى قەشقەر خەلقى ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، قەشقەرلىكلەر ئالاھىدە كۈنلەردە ۋە مۈشكۈلاتقا دۇچ كەلگەندە ئالدى بىلەن مۇشۇ يەرنى زىيارەت قىلاتتى. دىنىي مۇراسىملار موللىلارنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇ موللىلار ياقۇپبەگ تەرىپىدىن تەيىنلىنەتتى. ئۇ دىنىي كۈنلەردە ساپ يىپەكتىن تىكىلگەن كىيىملەرنى

كىيىشنى ياقتۇراتتى (12). رامزان ئېيى قەشقەردە ھاياجان ئىلكىدە كۆتۈۋېلىناتتى. رامزان ئېيى كىرىشتىن ئىلگىرى قاتتىق تەييارلىقلار قىلىناتتى. رامزان كېچىلىرى قەشقەرنىڭ «ھېيتگاھ» دېيىلىدىغان شەھەر مەيدانىدا پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلەتتى.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەھەرلىرىدىكى جىنازا مۇراسىملىرى ئىسلام دۇنياسىنىڭ باشقا رايونلىرىدىكىگە ئوخشاش ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە دەپنە ئىشلىرى ۋاپات بولغۇچىنىڭ ماددىي ئىمكانىيىتىگە كۆرە پەرقلىق بولاتتى. پېقىر بىر كىشى ئۆلسە، شۇ كۈنىلا دەپنە قىلىناتتى. پۇلدار كىشى ئۆلگەندە بولسا، يېقىنلىرى مېيىت نامىزىغا ئۇلگۈرۈۋالسۇن دەپ، مېيىتى دەپنە قىلىنماستىن بىر قانچە كۈن ساقلىناتتى. مېيت ۋاپات بولغان يەردە يۇيۇلۇپ، شۇ يەردە كېپەنلىنەتتى. كېپەن بولسا ئىككى قىسمدىن تەركىب تاپاتتى. يەنى مېيىتقا ياقىسى ئويۇق، ئۇزۇنلۇقى بەلگە كېلىدىغان بىر كۆڭلەك بىلەن بەلدىن تىزغىچە كېلىدىغان يەنە بىر كىيىم كىيدۈرۈلەتتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە مېيىتنىڭ بېشىنىڭ چوققىسىدىن پۇتىغىچە ياپىدىغان كېپەن كىيدۈرۈلەتتى (13).

ئەرلەر رامزاننىڭ تۇنجى كۈنىدىن باشلاپ، دورغا بەگ سارىيىنىڭ ئالدىدىكى ساماۋەرخانىغا يىغىلىپ سوھۇر ۋاقتىنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتى. بامدات نامىزىغا بارمىغانلار يامان كۆرۈلەتتى. ياقۇپبەگ سالدۇرغان ھېيتگاھ مەسجىدى ھېيت كۈنلىرى تولۇپ تاشاتتى. نامازدىن كېيىن ئوغۇل ـ قىزلار چوڭلىرى بىلەن ھېيتلىشاتتى.

## ياقۇپبەگ دەۋرىدىكى ھەربىي ۋەزىيەت

ياقۇپبەگ 1864 ـ يىلى قەشقەرگە («قۇشبېگى» مەنسىپى بىلەن، بۇزرۇك خوجىغا) ياردەم ئۈچۈن كەلگەندە، قول ئاستىدا پەقەت تەرتىپسىز بىر ئوچۇم ئەسكەرلا بار ئىدى. 1865 ـ يىلى رۇسلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلگەن قوقەند قوشۇنىغا تەۋە ئەسكەرلەر قەشقەرگە كېلىپ، شەرقىي تۈركىستان قوشۇنىغا قوشۇلدى. ياقۇپبەگ بۇ يېڭى ئەسكەرلەر ئارقىلىق ھەم ئۆز قوشۇنىدىكى ئەسكەر سانىنى كۆپەيتىۋالدى، ھەم ئۆز نەزىرىدىكى ناقابىل قوشۇننى تەربىيەلەش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئوفىتسېر ۋە قورال ـ ياراغلارغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ سىستېمىلىق قوشۇن نىزامى ئورنىتىپ، قوشۇننى يېڭىدىن تەشكىللىدى. دەسلەپتە قوشۇننىڭ ئەسكەر مەنبەسى ئۆز رازىلىقى بىلەن قوشۇنغا كىرگەنلەر ۋە باشقا جايلاردىن كەلگەن سابىق ئەسكەرلەر ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈلگەندى. لېكىن، ياقۇپبەگ يېڭى بىر نىزام ئارقىلىق مەجبۇرىي ئەسكەرلىك تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئەسكەر ئېلىشتا قاتتىق شەرتلەر قويۇلدى. قوشۇننىڭ ئېھتىياجىغا كۆرە، 15 ياشتىن 35 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئەرلەر ئەسكەرلىككە ئېلىندى. ئىككى ياكى ئېخىمۇ كۆپ ئوغۇل بالا بار ئائىلىلەر ئەسكەر ئېلىشتا ئالدىن ئويلىشىلاتتى. بىرلا ئوغۇل بالا بار ئائىلىلەردىن بولسا، ئومۇمەن ئەسكەر ئېلىنماسلىققا تىرىشىلاتتى (14).

**قوشۇن يېڭى تەشكىللەنگەن بۇ مەزگىلدە زەمبىرەكچىلەر قىسمى تەسىس قىلىنمىغان، قوشۇن پەقەت پىيادە ئەسكەرلەر ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەردىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەندى. ئوردا سىپىلىغا جايلاشتۇرۇلغان مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى. بىردىنبىر زەمبىرەكچى قىسىم ئىدى. بۇلار زۆرۈرىيەت بولۇپلا قالمىسا، ئوردىدىن ئايرىلماي، ئوردا سېپىلىدىكى زەمبىرەكلەرنى ئاسراش ۋە رېمونت قىلىش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولاتتى (15). قوشۇن «يىگىت» نامى بېرىلگەن ئاتلىق ئەسكەرلەر ۋە «سەرۋاز» دېيىلىدىغان پىيادە ئەسكەرلەردىن تەركىب تاپقانىدى. كېيىن زەمبىرەكچىلەر قىسمىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن قوشۇن ئۈچ ئاساسىي بۆلەككە ئايرىلدى.**

**قوشۇندا تۆت ئاتلىق پولك ۋە بىر پىيادىلەر پولكى بار ئىدى. بىر پولكتە ئۈچ مىڭ ئەسكەر بار ئىدى (16). ئوفىتسېرلار ئىككى قىسىمغا بۆلۈنەتتى. قوشۇننىڭ باش قوماندانى ياقۇپبەگ ئىدى. ئۇنىڭدىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان قوشۇن قوماندانى «لەشكەربېشى»لىق مەنسىپى بىلەن قوشۇنغا قوماندانلىق قىلاتتى. «يىگىت» (يەنى ئاتلىقلار) پولكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى لەشكەربېشى ئىدى. لەشكەربېشىدىن كېيىن 500 كىشىنى باشقۇرىدىغان «پانسات» مەنسىپىگە ئىگە ئەمەلدارلار بار ئىدى. پانساتلارنىڭ قول ئاستىدا يۈز بېشى، يۈز بېشىنىڭ قول ئاستىدا پەنجاھ، پەنجاھلارنىڭ قول ئاستىدا ئونبېشى بار ئىدى. «سەرۋاز» دېيىلگەن پىيادىلەر قوشۇنىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى «نائىب» ئىدى. نائىبتىن كېيىن لاۋەر، لاۋەرنىڭ قول ئاستىدا سەرزان، ئۇنىڭدىن كېيىن يۈز بېشى، پەنجاھ ۋە ئون بېشى بار ئىدى (17).**

| خانلىقتىكى ئەسكەر سانى | | |
|---|---|---|
| بۇ يەردىكى يىگىت ۋە سەرۋازلار چاقماقلىق مىلتىق بىلەن كارابىن مىلتىقى ئىشلىتەتتى. زەمبىرەكلەر «كرۇپ» (Krupp) ماركىلىق ئىدى. ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلەر ماتادىن تىكىلگەن ھەربىي فورما كىيەتتى. | 2200 سەرۋاز<br>1000 يىگىت<br>يىگىرمە زەمبىرەك | قەشقەر شەھىرى |
| زەمبىرەكلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە تېگى تەرەپتىن ئوق سېلىنىدىغان بولۇپ، ئىشلەتكىلى بولمايتتى. ئاتلىق ئەسكەرلەر ئارقىدىن ئوق سېلىنىدىغان، پىيادىلەر بولسا ئېغىزدىن ئوق سېلىنىدىغان مىلتىق ئىشلىتەتتى. | 3500 يىگىت<br>2000 سەرۋاز<br>بەش زەمبىرەك | توقسۇن قەلئەسى |

| | | |
|---|---|---|
| بۇ يەردىكى ئەسكەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى قوشۇنغا يېڭى ئېلىنغان بولۇپ، مۇنتىزىم تۇرمۇش ئاستىدا تەربىيەلەنگەن، چاقماقلىق مىلتىق ئىشلىتىدىغان ۋە ئوخشاش فورما كىيىدىغان ئەسكەرلەر ئىدى. | 1100 سەرۋاز<br>100 يىگىت | ئاقسۇ شەھىرى |
| بۇ يەردىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر پۈتۈنلەي خوتەندىن كەلگەن. ئىنتايىن ياخشى تەربىيەلەنگەن بولۇپ، چاقماقلىق مىلتىق ئىشلىتەتتى. ماتادىن تىكىلگەن بىر خىللا فورما كىيەتتى. | 500 سەرۋاز<br>1000 يىگىت<br>ئىككى زەمبىرەك | كۇچا شەھىرى |
| بۇلار داۋاملىق ئۈرۈمچى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئەسكەرلەر ئىدى. تۇقسۇن ۋە تۇرپان شەھەرلىرىدىن كەلگەن ئەسكەرلەر بۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن قايتىپ كېتەتتى. | 660 سەرۋاز<br>2340 يىگىت<br>ئۈچ زەمبىرەك | كورلا شەھىرى |
| ئاتلىق ئەسكەر پىلىكلىك قورال، پىيادە ئەسكەرلەر بولسا چاقماقلىق مىلتىق ئىشلىتەتتى. | 3500 يىگىت<br>5000 سەرۋاز<br>يىگىرمە زەمبىرەك | تۇرپان شەھىرى |

**قەشقەر خانلىقىنىڭ ئاساسلىق شەھەرلىرىدىكى ئەسكەر سانى ۋە قورال ـ ياراغلار يۇقىرىدىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەندەكتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كوروپاتكىن «قەشقەرىيە» (بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچىسى بار، ت) ناملىق ئەسىرىدە چېگرا قەلئەلىرىدىكى قىسىملارنى، ھەمدەمچى قوشۇنلارنى ۋە خانلىقتا قاراشلىق بولغان تۆتكان قىسىملىرىنىمۇ قوشۇن تەركىبىدە ھېسابلاپ، خانلىقنىڭ جەمئىي 45 مىڭ 360 ئەسكىرى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇلارنىڭ 13 مىڭى يىگىت (ئاتلىق ئەسكەر)، 11 مىڭ 560 ى سەرۋاز (پىيادە ئەسكەر)، 9500 ى ھەمدەمچى ئاتلىق قوشۇن، ئىككى مىڭى زەمبىرەكچى ۋە تۆتكان قىسىملىرى ئىدى (18).**

**قەشقەر خانلىقىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھەربىي كۈچى ئاتلىق قىسىملار ئىدى. مىڭبېشى ئىسمايىل ھاككى بىزنى لەشكەربېشىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئاتلىق پولك ھەققىدە ئەڭ ئوچۇق ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەپ، ئاتلىق قىسىملارنى تۆۋەندىكىدەك تونۇشتۇرغان:**

«ئاتلىق ئەسكەرلەر قەشقەر قوشۇنىنىڭ مۇھىم قىسمى ئىدى. ئۇلارنىڭ قوراللىرى ئارىسىدا (كىشى بېشىغا) بىردىن ياكى ئىككىدىن ستۇوللۇق، كاپسۇللۇق ياكى پىلىكلىك مىلتىق ۋە قىلىچ بار ئىدى. بىرلىككە كەلگەن فورمىسى يوق ئىدى. بەزىلىرى بېشىغا سەللە يۆگەيتتى، يەنە بەزىلىرى باشقىچە كىيىملەرنى كىيەتتى. بەلبېغىغا بىر قانچە تال ھەميان چىگىپ، ئۇلارغا مىلتىق ئوقى ۋە ئوق دورىسى قاچىلايتتى. لېكىن، ئەسكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى «جەرمىنە» دېيىلىدىغان كىيىمنى كىيەتتى. ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئېتىنى ئۆزى باقاتتى ۋە ھەرۋاقىت ئۇرۇشقا تەييار ھالەتتە تۇراتتى. شۇ ۋەجىدىن، ئۇلار دائىم ئوغلاق تارتىشىش ئوينايتتى ۋە ھەربىي تەلىم-تەربىيەنى توختىتىپ قويمايتتى. ئاتلىق ئەسكەرلەر يىلدا بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈلىدىغان بولۇپ، بۇ پائالىيەت «كۆرۈن» (بۇ بۇگۈنكى «ھەربىي پارات» شۇ، ت) دەپ ئاتىلاتتى. ياقۇپبەگنىڭ ھۇزۇرىدا ئۆتكۈزۈلگەن پاراتتىن كېيىن، ئاتلىق ئەسكەرلەرگە ئېھتىياجلىرىنى قامدايدىغان يىپەكلار بۆلۈپ بېرىلەتتى ۋە بۇ «يەتە» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ يىپەكلار پانساتلارغا بۆلۈپ بېرىلەتتى. ھەر پانساتنىڭ يېنىدا ئىككى لاۋەر، ھەر لاۋەرنىڭ يېنىدا ئىككى سەرزان، ھەر سەرزاننىڭ يېنىدا ئىككى نەپەر يۈز بېشى تۇراتتى. ھەر يۈز بېشىنىڭ يېنىدا ئىككى پەنجاھبېشى ۋە ھەر پەنجاھبېشىنىڭ يېنىدا ئىككى نەپەر ئون بېشى بار ئىدى» (19).

ياقۇپبەگ ئوسمانلى دۆلىتىدىن تەلەپ قىلغان ھەربىي تەلىمدارلار ئارقىلىق زامانىۋى ھالەتكە ئەكەلگەن قوشۇننى «نىزامى جەدىدى» دەپ ئاتايتتى. ئۇ قوشۇندىكى ھەربىي ئەمەلدارلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «قازى ئەسكەر» ئارقىلىق قوشۇندىكى ئىنتىزامنى ساقلاشقا ئۇرۇنغانىدى. قوشۇندىكى ھەر پولكنىڭ بىردىن ئەسكەر قازىسى بار ئىدى. ياقۇپبەگە قوماندانلارنى تاللاشقا ئالاھىدە سەزگۈر مۇئامىلە قىلاتتى. بولۇپمۇ، ئۆزىگە سادىق كىشىلەرنى قوشۇنغا قوماندان قىلىپ تەيىنلەيتتى. دۆلەتتىكى مۇھىم قەبىلىلەرگە ھەربىي مەنسەپ بەرمەسلىكى شۇ قەبىلىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ يىرىكلىشىشىدىكى ئەڭ ئاساسلىق سەۋەب ئىدى. ياقۇپبەگنىڭ ئۆزىگە سادىق، لېكىن خەلق بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى يوق كىشىلەرنى قوماندان قىلىپ تەيىنلىشى ئۇنىڭ خەلق بىلەن ئازارلىنىشىشىغا سەۋەب بولغانىدى (20).

قەشقەر قوشۇندىكىلەر بىرلىككە كەلگەن مىللىي تەركىبكە ئىگە بولماستىن، قوشۇن ئىچىدە تۈرلۈك مىللەتلەرگە تەۋە ئەسكەرلەر بار ئىدى. قوقەندلىك ئەسكەرلەرنىڭ سانى باشقىلارنىڭكىدىن خېلى بەكلا كۆپ ئىدى. بۇلاردىن سىرت، بۇخارادىن ۋە رۇسلار ئىشغال قىلىۋالغان باشقا رايونلاردىن كەلگەن ئەسكەرلەرمۇ بار ئىدى. ياقۇپبەگنىڭ ئەڭ يېقىن ھەقەمسايىلىرى بولغان قوقەندلىكلەر قوشۇندا ئالاھىدە كىشىلەر ھېسابلىناتتى. ئۇلار ھۆكۈمەت ۋە قوشۇندا مۇھىم ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەنگەنىدى. شۇنداقلا، (قوقەندلىك) بۇ ئەسكەرلەر ياقۇپبەگنىڭ ئىشەنچلىك قوللىغۇچىلىرى ئىدى. قوشۇندا قوقەندتىن ۋە غەربىي تۈركىستاننىڭ باشقا جايلىرىدىن كەلگەن ئەسكەرلەردىن سىرت، بىر بۆلۈك ئافغان، ئاز ساندا ھىندى، تۇڭگان، خىتاي ۋە قىرغىز ئەسكەرلەرمۇ بار ئىدى. بۇ قوشۇندىكى خىتاي ئەسكەرلەر 1863~1864 - يىللىرىدىكى قەشقەر قوزغىلىڭىدا يوقىتىلغان مانجۇ قوشۇنىنىڭ قالدۇقلىرى بولۇپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ جېنىنى ساقلاپ قالغان ۋە بالىلىرى بىلەن بىرلىكتە ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلغانىدى (21).

قەشقەر قوشۇنى يېڭى قۇرۇلغاندا زەمبىرەكچىلەر قىسمى يوق ئىدى. قوشۇندىكى بىردىنبىر زەمبىرەكچىلەر قىسمى قەشقەر ئوردىسىنى ۋە قەلئە سېپىلىنى قوغداشقا مەسئۇل ئىدى. ياقۇپبەگ ئۆز ئائىلىسىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى ۋە شۇ سەۋەبتىن، ئۇلارنى قوغداشقا مەسئۇل ئەسكەرلەرنىمۇ ئۆزى ئىشىنىدىغان كىشىلەر ئارىسىدىن تاللاشقا ئەھمىيەت بېرەتتى. شۇ ۋەجىدىن، زەمبىرەكچىلەر قىسمىنى ئەڭ دەسلەپتە ئوردا مۇھاپىزىتى ئۈچۈن ئىشلەتكەندى. ئوردىدىكى زەمبىرەكچىلەرنىڭ ھەممىسى تۈركلەر ئىدى. لېكىن، فەتىھ ئۇرۇشلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، زەمبىرەكچىلەر قىسمىغا بولغان ئېھتىياج كۈچەيگەن. دەسلەپتە تەسىس قىلىنغان زەمبىرەكچىلەر قىسمىدىكىلەر قوشۇندىكى ئەڭ ئاجىز تەبىقە دەپ قارىلاتتى ۋە شۇ سەۋەبتىن قوشۇندىكى باشقا كۆڭۈللۈك ئىشلارنىمۇ شۇلار قىلاتتى. زەمبىرەكچىلەر قىسمىدا تۇڭگان ۋە خىتاي ئەسكەرلەر بەكلا كۆپ ئىدى. خىتايلار بىلەن تۇڭگانلارغا ئىشەنمىگەن ياقۇپبەگ بۇ ئىككى تائىپىنى قوشۇندىكى ئەڭ ئاجىز ھالقا ھېسابلىنىدىغان زەمبىرەكچىلەر قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرغانىدى (22).

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

«ياقۇپ بەگ» ناملىق ئەسەردىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

* نەقىل مەنبەلىرى ئۈچۈن ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا مۇراجىئەت قىلغايسىز.



# 20 يىلدىن كېيىن

ئو. ھېنرى

# يىگىرمە يىلدىن كېيىن

ئو. ھېنرىي

ساقچى تولىمۇ سۈرلۈك قىياپەتتە چوڭ كوچىنى چارلاۋاتاتتى. ئۇ ئەتەي سۈر كۆرسەتكەن بولماستىن، تەبىئىي ھالىتىلا ئاشۇنداق سۈرلۈك ئىدى. كېچە سائەت ئون بولاي دەپ قالغان، يەنە كېلىپ سوغۇق شامال يامغۇردىن شەپە بېرىۋاتقاندەك ھۇشقىرتىپ تۇرغاچقا، كوچىدا ئاساسەن ئادەم دىدارى قالمىغانىدى.

ساقچى تولىمۇ بەستلىك ۋە بەھەيۋەت كىشى ئىدى. ئۇ قولىدىكى ساقچى كالتىكىنى ئۇياق ـ بۇياققا پۇلاڭلاتقىنىچە ئىشكىمۇ ئىشىك قاراپ، كۆزىتىپ مېڭىۋاتاتتى. ئۇنىڭ گاھىدا جىمجىت كوچىغا ھوشيارلىق بىلەن قاراپ قويۇشى كىشىگە تىنچلىق مۇئەككەلىدەكلا تۇيغۇ بېرەتتى. بۇ رايوندا كېچىلىك دۇكانلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. تاماكا دۇكانلىرىنىڭ ياكى تۈنبويى ئېچىلىدىغان يېمەكلىك دۇكانلىرىنىڭ چىراغلىرى ئاندا ـ ساندا كۆزگە چېلىقسىمۇ، لېكىن مۇتلەق كۆپ قىسمىلىرى چوڭ دۇكانلار بولغاچقا، بالدۇرلا تاقىلىپ بولاتتى.

ساقچى بىر كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغىراق كەلگەندە، تۇيۇقسىز قەدەملىرىنى ئاستىلاتتى. بىرى قاپقاراڭغۇ مېتال بۇيۇملار دۇكىنىنىڭ ئالدىدا تامغا يۆلىنىپ، تۇتاشتۇرۇلمىغان سىگارىتنى چىشلىگەن ھالدا تۇراتتى. ساقچى ئۇنىڭغا قاراپ مېڭىۋىدى، ئۇ ئاۋال ئېغىز ئېچىپ شۇنداق دېدى:

— ھېچ ئىش يوق، ئوفىتسېر! مەن بۇ يەردە بىر دوستۇمنى ساقلاۋاتىمەن. بىز يىگىرمە يىل ئىلگىرىلا بۈگۈنكى چېسلادا كۆرۈشۈشكە كېلىشىپ قويغانىدۇق. بۇ ئاڭلىماققا تولىمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلىدۇ، شۇنداقمۇ؟ ئەگەر يەنىلا خاتىرجەم بولالمىسىڭىز، مەن سىزگە ئېنىق چۈشەندۈرۈپ قويىمەن. ئالاھەزەل شۇنچە يىل ئىلگىرى، بۇ دۇكاننىڭ ئورنىدا بىر ئاشپۇزۇل، يەنى جوۋ برېيدىنىڭ ئاشخانىسى بار ئىدى.

— ئۇ ئاشخانا بەش يىل ئاۋۋالمۇ بار ئىدى، شۇ چاغدا چېقىۋېتىلدى، — دېدى ساقچى.

دۇكان ئىشىكىنىڭ يېنىدا تۇرغان بۇ كىشى سەرەڭگىگە ئوت يېقىپ، سىگارىتىنى تۇتاشتۇرۇۋىدى، شۇندىلا ئۇنىڭ تاتىراڭغۇ چاسا يۈزى ئېنىق كۆرۈندى. ئۇنىڭ كۆزلىرى نۇرلۇق، ئوڭ قېشىنىڭ يېنىدا ئاپئاق تاتۇق بار ئىدى. گالىستۇكىنىڭ ئىلغۇچىغا خېلىلا چوڭ ئالماستىن بىرى قويۇلغان بولۇپ، قارىماققا تولىمۇ غەلىتە كۆرۈنەتتى.

— يىگىرمە يىل ئاۋۋالقى مۇشۇ كېچىدە، — دېدى ئۇ، — جىممىي ۋېلس ئىككىمىز جوۋ برېيدى ئاشخانىسىدا تاماق يېگەنىدۇق، جىممىي مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنەم، شۇنداقلا دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى ئادەم ئىدى. ئىككىلىمىز يەرلىك نيۇيوركلۇقلاردىن بولۇپ، ئاكا ـ ئۇكىلاردەك ئۆتەتتۇق. ئۇ چاغدا مەن 18 ياشتا، جىممىي 20 ياشتا ئىدى. مەن ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن ئىگىلىك تىكلەش ئۈچۈن غەربكە بارماقچى ئىدىم.

لېكىن، مەن جىمىينى ئەكېتەلمەيتتىم. چۈنكى، ئۇ بۇ يەرنى دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى جاي دەپ قارايتتى. بىز شۇ كۈنى كېچىدە كېيىنكى ئەھۋالىمىزنىڭ قانداق بولۇشىدىن، قانچىلىك ئۇزۇن يول يۈرۈشىمىزدىن قەتئىينەزەر، يىگىرمە يىلدىن كېيىنكى مۇشۇ كۈننىڭ مۇشۇ سائەتتە مۇشۇ يەردە كۆرۈشۈشكە دېيىشكەندۇق. بىز كېلەچىكىمىزنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يىگىرمە يىلدا قىسمىتىمىز ئاساسەن بەلگىلىنىپ، ئانچە-مۇنچە ئۆي-بىساتلىرىمىز بار بولىدۇ، دەپ ئويلىغانىدۇق.

— ئاڭلىماققا تولىمۇ قىزىقارلىقكەن، — دېدى ساقچى، — لېكىن، مەنچە بۇ ئىككى قېتىملىق ئۇچرىشىشنىڭ ئارىسى بەك ئۇزراپ كېتىپتۇ. سىز ئۇ يەرگە كەتكەندىن كېيىن دوستىڭىزدىن خەت-چەك تاپشۇرۇۋالمىدىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، بىر مەھەل خەت-چەك يېزىشقانىدۇق، — دېدى ئۇ، — لېكىن، ئارىدىن بىر-ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئىز-دېرىكىمىزنى قىلىشالمىدۇق. سىزمۇ بىلىسىز، غەربىي رايون تولىمۇ كەڭ جاي. مەن ئۇ يەرلەردە ھېلى ئۇنىڭ بىلەن، ھېلى بۇنىڭ بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتىم. لېكىن، مەنچە جىمىي ئەگەر ھاياتلا بولسا، چوقۇم مەن بىلەن كۆرۈشكىلى بۇ يەرگە كېلىدۇ. ئۇ بۇنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. مەن مۇشۇ يەردە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن مىڭ مىل يول يۈردۈم. كونا بۇرادىرىم كەلسىلا، بۇ قىلغانلىرىم ئەرزىگەن بولىدۇ.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە قاپقىقى ئالماس بىلەن زىننەتلەنگەن قويۇن سائىتىنى چىقاردى.

— ئونغا ئۈچ مىنۇت باركەن، — دېدى ئۇ، — ئەينى چاغدا بىز ئىشىك ئالدىدا خوشلاشقاندا، سائەت دەل ئون بولغانىدى.

— غەربىي رايوندا ئىش-ئوقىتىڭىز يۈرۈشكەندۇ ھەقاچان؟ — دەپ سورىدى ساقچى.

— پەرىزىڭىز توغرا! جىمىينىڭ مېنىڭ يېرىمىمچىلىك بولالىغان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇ بەكمۇ تىرىشچان، ئاجايىپ ياخشى ئادەم ئىدى. مەن پۇل تېپىش ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە زېرەك كىشىلەر بىلەن رىقابەتلەشمىسەم بولمايدۇ. كىشى نيۇيوركتا قائىدە-يوسۇن بويىچە ئىش كۆرۈپ، راھەت ياشىيالايدۇ. لېكىن، غەربىي رايوندا كېلىڭىزغا پىچاق تىرەلگەندەك، ئەندىكىپلا يۈرىسىز.

ساقچى قولىدىكى كالتەكنى پۇلاڭلاتقىنىچە، بىر-ئىككى قەدەم چامدىدى:

— مەن ماڭاي، دوستىڭىزنىڭ كېلىشىگە تىلەكداشمەن. ئۇ دېيىشكەن ۋاقىتتا كېلەرمۇ؟

— مەنچە ناتايىن، — دېدى ھېلىقى ئادەم، — مەن ئۇنى كەم دېگەندە يەنە يېرىم سائەت ساقلايمەن. ئەگەر جىمىي ھاياتلا بولسا كەلمەي قالمايدۇ. خەير-خوش، ئوفىتسېر.

— خەيرلىك كېچىلەر، ئەپەندىم، — ساقچى شۇنداق دېگىنىچە يۈرۈپ كەتتى ۋە داۋاملىق ئىشىكمۇ ئىشىك چارلاشقا باشلىدى.

بۇ چاغدا سىم ـ سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىغانىدى. شامالمۇ توختىماي چىقىۋاتاتتى. كوچىدىكى بىر قانچە كىشىمۇ پەلتولىرىنىڭ ياقىسىنى تىكلەپ، قولىنى يانچۇقىغا تىقىپ، لام ـ جىم دېمەستىن كېتىۋاتاتتى. ئۇ بولسا ياش ۋاقتىدىكى دوستى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن مىلك مىل يولنى بېسىپ كەلگەنىدى. بۇ ئەسلىدىنلا تازا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدىغان ئۇچرىشىش بولغاچقا، ئۇنىڭ سىگارت چەككەچ ساقلاشتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى.

ئۇ ئالاھەزەل يىگىرمە مىنۇت ساقلىغاندىن كېيىن، ئۇزۇن پەلتو كىيىپ، ياقىسىنى تىكلىۋالغان ئېگىز بويلۇق بىر ئەر كوچىنىڭ قارشى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا قاراپ كەلدى.

ــــ بۇ سەنمۇ؟ بوب، ــــ دېدى ئۇ قورۇنۇپراق.

ــــ بۇ سەنمۇ؟ جىمي ۋېلىس، ــــ دېدى دۇكان ئالدىدىكى ھېلىقى كىشى.

ــــ تەڭرىگە شۈكۈر! ــــ دېدى بايا كەلگەن كىشى قارشى تەرەپنىڭ ئىككىلا قولىنى چىڭ سىققىنىچە، ــــ سەن راستلا بوب ئىكەنسەن. ھاياتلا بولساڭ، سېنى چوقۇم تاپالايدىغانلىقىمغا ئىشىنەتتىم. پاھ! پاھ! يىگىرمە يىل نېمە دېگەن ئۇزۇن ۋاقىت ھە! ھېلىقى ئاشخانا چېقىۋېتىلدى، بوب، ئەگەر جايىدا بولغان بولسا، شۇ يەردە تازا ئوبدان غىزالانغان بولاتتۇق ـ دە! غەربتىكى ئىشلىرىڭ قانداقراق؟ بۇرادەر!

ــــ قەدىر ئەھۋال، ئۇ يەر ماڭا كۆتكەنلىرىمنىڭ ھەممىنى بەردى. سەن بەكلا ئۆزگىرىپ كېتىپسەن، جىم. سېنى بۇنچىۋالا ئېگىز بولۇپ كەتكەندۇ دەپ ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم.

ــــ شۇنداق، بويۇم يىگىرمە ياشتىن كېيىنمۇ ئازراق ئۆستى.

ــــ نيۇيوركتىكى ئىشلىرىڭ قانداقراق؟ جىمي.

ــــ ئىنتايىن ياخشى. شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئۈچۈن ئىشلەيمەن. يۈرە بوب، مەن بىلىدىغان بىر يەر بار، شۇ يەرگە بېرىپ، ئۆتكەن ئىشلار توغرىسىدا قانغۇچە پاراڭلىشايلى.

ئىككىيلەن قول تۇتۇشقىنىچە كوچىنى بويلاپ ماڭدى. غەربتىن كەلگەن، مۇۋەپپەقىيەتلىرى سەۋەبلىك تېرىسىگە سىغماي قالغان ھېلىقى كىشى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. يەنە بىرەيلەن پەلتوسىغا پۈركۈنگىنىچە جىمجىتقىنە تىڭشاۋاتاتتى.

دوقمۇشتىكى مىلچمال دۇكىنىنىڭ چىراقلىرى ۋاللىداپ يېنىپ تۇراتتى. ئىككىيلەن شۇ دۇكاننىڭ يېنىغا كەلگەندە، ھەر ئىككىيلەن توختاپ، بىر ـ بىرىنىڭ چىرايىغا زەن سالدى.

غەربتىن كەلگەن ھېلىقى كىشى تۇيۇقسىز قەدەملىرىنى توختىتىپ، يېنىدىكى كىشىنىڭ قولىنى قويۇۋەتتى ۋە جىددىي ئاھاڭدا:

ــــ سەن جىمي ۋېلىس ئەمەس. يىگىرمە يىل ھەرقانچە ئۇزۇن بولسىمۇ، لېكىن قاڭشارلىق ئادەمنى پاناق قىلىۋېتەلمەيدۇ، ــــ دېدى.

— لېكىن بەزىدە ياخشى ئادەمنى ئەسكى قىلىۋېتەلەيدۇ، — دېدى ھېلىقى ئېگىز بويلۇق كىشى، — سەن قولغا ئېلىنغىلى ئون مىنۇت بولدى، بوب. چىكاگو ساقچىلىرى سېنى نيۇيوركقا بېرىشى مۇمكىن دەپ قاراپ، بىزگە ساڭا كۆز-قۇلاق بولۇشنى جېكىلىگەندى. سەن يەنىلا جىممىدە مەن بىلەن بىللە ماڭىسەنغۇ-ھە؟ مەنچە شۇنداق قىلغىنىڭ تۈزۈك. لېكىن، مەن ئالدىدا ساڭا بىر ئامانەتنى تاپشۇرۇۋېتەي. سەن ئۇنى مۇشۇ يەردە چىراغ يورۇقىدا ئوقۇۋالساڭ بولىدۇ. بۇنى ۋېلس ئىسىملىك ساقچى ماڭا بەرگەنىدى.

غەربتىن كەلگەن ھېلىقى كىشى بىر پارچە قەغەزنى ئاچتى ۋە ئىچىدىكى خەتلەرنى ئوقۇۋېتىپ قوللىرى تىترەشكە باشلىدى:

«بوب! مەن دېيىشكەن ۋاقىتتا، دېيىشكەن ئورۇنغا باردىم. لېكىن، مەن چىكاگو ساقچىلىرى تەرىپىدىن تۈتۈش بۇيرۇقى چىقىرىلغان بىرەيلەننىڭ چىرايىنى كۆردۈم. مەن سېنى ئۆزۈم قولغا ئېلىشنى خالىمىغاچقا، باشقا بىر ساقچىنى بۇ ئىشنى ئورۇنداشقا ئەۋەتتىم. — جىمي»

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى



# دۆلەتلەرنىڭ ئۆمرى

ئىبنى خەلدۇن

# دۆلەتلەرنىڭمۇ شەخسلەرگە ئوخشاش تەبىئىي ئۆمرى بار

ئىبنى خەلدۇن

بىلگىنكى، دوختۇرلارنىڭ ئىلگىرى سۈرۈشىچە، شەخسلەرنىڭ تەبىئىي ئۆمرى 120 يىلدۇر ۋە (باشقا ئاملىلارغا كۆرە) بۇ شۇنىڭدىن كۆپمۇ، ئازمۇ بولىدۇ. بۇ ئۈممەتنىڭ، يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆمرى ھەدىستە رىۋايەت قىلىنغىنىدەك، ئاتمىش يىل بىلەن يەتمىش يىل ئارىسىدىدۇر. پەۋقۇلئاددە ئەھۋال بولمىغانلا شارائىتتا، تەبىئىي ئۆمۈر 120 يىلدىن ئۆزۈن بولمايدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ، شۇنداقلا ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىگە تەۋە ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۆمرىنىڭ بۇنىڭدىن ئۇزۇن بولۇشى ئەنە شۇنداق پەۋقۇلئاددە ئەھۋاللاردىندۇر.

دۆلەتلەرنىڭ (خانلىقلارنىڭ ۋە سۇلالىلەرنىڭ) ئۆمرىمۇ ئاساسەن ئۈچ نەسلدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. بىر نەسل بىر شەخسنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ زورىيىش ـ راۋاجلىنىش مۇددىتىنىڭ ئاخىرقى چېكى بولغان قىرىق يىلدۇر. ئاللاھ تائالا: {ئىنسان كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپ، قىرىق ياشقا يەتكەندە ...} دېگەن [سۈرە ئەھقاف 15 ـ ئايەت]. ئەنە شۇ سەۋەبتىن، «بىر شەخسنىڭ ئۆمرى بىر نەسلىنىڭ ئۆمرىدۇر» دەيمىز. بەنى ئىسرائىلنىڭ تىھ چۆلدە قىرىق يىل قېلىشىدىكى ھېكمەتمۇ بۇ خۇسۇسنى دەلىللىمەكتىدۇر. بىز دېگەندۇقكى، ئۇ يەردە قىرىق يىل قالدۇرۇلۇشىدىكى مەقسەت بەنى ئىسرائىل قەبىلىلىرىدىن مەۋجۇت بىر نەسلنىڭ ئۆلۈپ تۈگىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىغا خارلىقنا ئۇچرىمىغان ۋە ئۇنىڭغا كۆنۈپ قالمىغان باشقا بىر نەسلنىڭ يېتىشىپ چىقىشىدۇر. شۇ ۋەجىدىن، بەنى ئىسرائىلنىڭ چۆلدە قىرىق يىل قېلىش ۋەقەلىكى بىر نەسلنىڭ ئۆمرىنى قىرىق يىل دەپ ھېسابلاشقا دەلىل بولىدۇ. شۇنداقلا، بۇ قىرىق يىل مۇددەت بىر شەخسنىڭ ئۆمرىدىن ئىبارەتتۇر.

«دۆلەت ۋە خانلىقنىڭ ئۆمرى كۆپىنچە ھاللاردا ئۈچ نەسلدىن (يەنى 120 يىلدىن) ئېشىپ كەتمەيدۇ» دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇدۇر:

بىرىنچى نەسل: بۇلار مۇشكۈل تۇرمۇش شارائىتلىرىغا بەرداشلىق بېرىش، جەڭگىۋارلىق، ياۋۇزلۇق، شان ـ شەرەپتە ئورتاقلىشىش قاتارلىق بەدەۋىيلىكنىڭ خۇسۇسىيىتىنى، قاتتىقلىقنى ۋە ۋەھشىيلىكنى ساقلاپ قالغان بولىدۇ ھەمدە شۇ سەۋەبلىك، ئۆملۈك ئېڭىنىڭ تەسرى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا داۋاملىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلىچلىرى ئۆتكۈر، ئەتراپىدىكىلەر قورقۇنچلۇق بولۇپ، خەلق ئۇلارنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرغۇچىدۇر.

ئىككىنچى نەسل: بۇلارنىڭ ئەھۋالى ھاكىمىيەت ۋە پاراۋانلىق سەۋەبلىك، بەدەۋىيلىكتىن شەھەرلىششكە، قىيىنچىلىقلاردىن باياشاتچىلىققا، ئورتاق شان ـ شۆھرەت ساھىبى بولۇشتىن ئۇنىڭغا (ئاز بىر

قىسىم كىشىلەرنىڭ) يەككە شەخس سۈپىتىدە ئىگە بولۇپ، قالغانلار شان ـ شەرەپ ئۇچۇن تىرىشمايدىغان، ھورۇن بولۇشقا؛ ئىززەت ـ ھۆرمەتكە سازاۋەرلىكتە ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇندىن، خارلىقنىڭ تۆۋەن دەرىجىسىگە چۈشۈشكە قاراپ ئۆزگىرىدۇ ـ دە، شۇ رەۋىشتە ئۆملۈك ئېڭىنىڭ ۋەزنى قىسمەن ئاجىزلايدۇ. بۇ ئەھۋالدا قالغانلارغا بويۇن ئېگىش ۋە خارلىقتا قېلىش سۈپەتلىرى ئۆزلىشىشكە باشلايدۇ. لېكىن، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ياخشى خىسلەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا ئۇلاردا تېپىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بىرىنچى نەسىل بىلەن ئۇلىشەتتى، ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىغا، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئىززەت ۋە ئېتىبارىنى قانداق قولغا كەلتۈرگەنلىكىگە، شان ـ شەرەپكە ئېرىشىش ئۈچۈن قانداق تىرىشقانلىقىغا، مۇداپىئەدە نېمىنى كۆزلىگەنلىكىگە بىۋاسىتە شاھىت بولغان. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلار بۇ خۇسۇستا نۇرغۇن نەرسىلەردىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ خۇسۇسلارنىڭ ھەممىسىنى تەرك ئېتىشى مۇمكىن بولمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىرىنچى نەسلىنىڭكىگە ئوخشاش ھالەتكە قايتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ ياكى ئۇلاردىكى خىسلەتنى ئۆزلىرىدىمۇ بار دەپ قارايدۇ.

ئۈچىنچى نەسىل: ئۇلار خۇددى ئۆز ۋۇجۇدىدا ھېچقاچان مەۋجۇت بولۇپ باقمىغاندەك، بەدەۋىي، قوپال دەۋرلىرىنى پاكپاكىز ئۇنتۇپ كېتىشىدۇ. ئىززەت ـ ھۆرمەتتىن كېلىدىغان ھۇزۇرنى ۋە ئۆملۈك ئېڭىنى يوقىتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلارنىڭ ئەزگۈچى ھاكىمىيەتنىڭ ئاستىدا ياشىغانلىقىدۇر. ئۇلار ئۆزلىرى نائىل بولغان نېمەتلەر ئارقىلىق پاراۋانلىقنىڭ يۇقىرى چېكىگە يېتىدۇ ـ دە، شۇ ئارقىلىق دۆلەتكە نىسبەتەن (ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ۋە بېقىشقا موھتاج بولغان) ئائىلىگە ئايلىنىدۇ. ئۇلار قوغداشقا موھتاج ئاياللار ۋە باللارنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۆملۈك ئېڭى تامامەن يوقىلىدۇ. مۇداپىئە، جەڭگىۋارلىق، ئىنتىلىشچانلىق دېگەنلەرنىڭ نېمىلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىشىدۇ. تاشقى قىياپەت، كىيىم ـ كېچەك، چەۋەندازلىق ۋە ئېسىل ماھارەتلەر جەھەتتە، ئۆزىنى خەلققە ھەقىقىي ھالەتتىن باشقىچە كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ كۆزىنى بويايدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار ئاتقا مىنىۋېلىشقانلىقىغا قارىماستىن، ئومۇمەن ئاياللاردىنمۇ بەكرەك قورقۇنچاقتۇر. ھەققىنى تەلەپ قىلغان بىرى ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولسا، ئۆزىنى قوغداش مەقسىتىدە ئۇنىڭ بىلەن تىركەشمەيدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا، دۆلەت ۋە خانلىقنىڭ ساھىبى ئۇلاردىن باشقا ئۆزىگە يار ـ يۆلەك بولالىغۇدەك كۈچلۈك ۋە باھادىر كىشىلەرگە موھتاج بولىدۇ ۋە ھىماتچىلىرىنى كۆپەيتىدۇ. دۆلەتنى قوغداش خۇسۇسىدا ئۆزىگە قىسمەن بولسىمۇ ياردەم قىلالايدىغانلارنى ئەتراپىغا توپلايدۇ. نەتىجىدە، مەزكۇر دۆلەتنىڭ مۇنقەرز بولۇشى توغرىسىدا ئاللاھنىڭ ھۆكمى كەلگەنگە قەدەر ئەھۋال مۇشۇ تەرىقىدە داۋاملىشىدۇ. ئاللاھنىڭ ھۆكمى كەلگەندە، دۆلەت ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارچە نەرسە يوقىلىدۇ.

مەلۇم بولغىنىدەك، بۇ يەردە ئۈچ نەسىل بار بولۇپ، دۆلەت مۇشۇ مۇددەت ئىچىدە قېرىيدۇ ۋە چىكىنىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، دۆلەت تۆتىنچى نەسلىگە كەلگەندە مۇنقەرز بولىدۇ. دەرۋەقە، سەلتەنەت ۋە شانۇ ـ شەۋكەتنىڭ تۆت نەسلىدە ئاياغلىشىدىغانلىقىنى زىكىر قىلغان ۋە بۇ خۇسۇستىكى دەلىل ـ ھۆججەتلەرنى بايان قىلغانىدۇق. شۇ دەلىللەر يېتەرلىك، ئوچۇق ۋە شۇنىڭدىن ئىلگىرىكى مەزمۇنلارغا تايانغاندۇر. ياخشى ئويلىنىپ كۆرگىنىكى، ئەگەر ئىنساپ ئىگىسى بولساڭ، ھەقتىن چەتنەپ كەتمەيسەن.

گېپى بولۇنغان ئۈچ نەسلىنىڭ ئۆمرى 120 يىلدۇر. دۆلەت ۋە خانلىقلارنىڭ ئۆمرى بۇنىڭدىن بىر ئاز ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما ئاساسەن مۇشۇ پاسىلدىن چەتنەپ كەتمەيدۇ، پەقەت (دۆلەتكە) ھېچكىم ھۇجۇم قىلمىغان ئەھۋال بۇنىڭدىن مۇستەسنا. (دۆلەتتە) قېرىلىق ئومۇملاشسا، (ئۇنىڭ سەلتەنىتىگە) كۆز تىكىدىغانلار چىقمايدۇ. لېكىن، شۇنداق بىرى چىققان ھامان، ئۇنى توسۇيالايدىغان ھېچكىم چىقمايدۇ. {ئۇلارنىڭ (ھالاك بولۇش) ۋاقتى كەلگەندە قىلچە ۋاقىتمۇ كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، (ۋاقتى كەلمىسە) قىلچە ۋاقىتمۇ ئىلگىرى سۈرۈلمەيدۇ.} [سۈرە نەھل 61 ـ ئايەت]

دۆلەتنىڭ ئۆمرىنى شەخسنىڭكىگە تەققاسلاشقا بولىدۇ. شەخس «تۇرغۇنلۇق يېشى»غىچە يۈكسىلىپ ماڭىدۇ. ئاندىن «قايتىش يېشى»غا يۈزلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، «دۆلەتنىڭ ئۆمرى يۈز يىلدۇر» دېگەن گەپ خەلق ئارىسىدا كەڭ تارالغان بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى دەل مۇشۇدۇر. (نەسەب شەجەرىلىرى قانداق تۈزىتىلىدۇ ۋە بېكىتىلىدۇ؟) بۇنىڭدىن يەكۈنلىنىدىغان قانۇنىيەت ئارقىلىق ـــ ئۆتمۈشتىكى يىل سانىنى بىلگەن ئاساستا ـــ خالىغان نەسەب شەجەرىسىدىكى ئەجدادلارنىڭ سانىنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى بىلەلەيسەن. ئەگەر ئەجدادلارنىڭ سانىدا ئىككىلىنىپ قالساڭ، (نەسەب شەجەرىسىدىكى) ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادىڭدىن ھازىرغىچە ئارىدىن قانچە يىل ئۆتكەنلىكىنى بىلسەڭ، ئۇنداقتا ھەر يۈز يىلدا ئۈچ ئەجداد ئۆتكەن دەپ ھېسابلىغىن. ئەگەر مەزكۇر قانۇنىيەت ۋە قىياسقا بىنائەن، يىللارنىڭ سانى ئەجداد سانى بىلەن تەڭ تۇگىسە، ئۇنداقتا نەسەب شەجەرىسى توغرىدۇر. ئەگەر (يىللار) بىر نەسىل كەم چىقسا، نەسەب شەجەرىسىگە بىر ئەجداد ئارتۇق قوشۇۋېتىلگەن بولىدۇ. ئەگەر يىللار شۇنچىلىك ئارتۇق چىقسا، ئۇنداقتا (نەسەب شەجەرىسىدە) بىر ئەجداد چۈشۈپ قالغان بولىدۇ. ئەگەر ئەجدادلىرىڭنىڭ سانىنىڭ بىلسەڭ، شۇنىڭغا ئاساسەن يىل سانىنىمۇ مۇشۇ شەكىلدە (ھەر يۈز يىلدا ئۈچ ئەجداد ئۆتكەن، دېگەن شەكىلدە) ھېسابلىساڭ بولىدۇ. ياخشى ئويلىنىپ باقساڭ، بۇ قانۇنىيەتنىڭ كۆپىنچە ھاللاردا توغرا ئىكەنلىكىنى بايقايسەن. {كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ (ئۇزۇنلۇقى) نى ئالدىنئالا بەلگىلىگۈچى ئاللاھتۇر.} [سۈرە مۇزەممىل 20 ـ ئايەت]

ئىبنى خەلدۇننىڭ «مۇقەددىمە» ناملىق ئەسىرىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى



# رۇسىيە بىلەن خىتاي

لىندسېي مايىزلەند

# رۇسىيە بىلەن خىتاي: ئىككى مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت توغرىسىدا ئىزدىنىش

لىندسېي مايىزلەند

## تونۇشتۇرۇش

رۇسىيە بىلەن خىتاينىڭ مۇناسىۋىتى ئۇزۇن ۋە مۇرەككەپ تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇلار گاھىدا ئىتتىپاقلاشسا، گاھىدا زىددىيەتلىشىپ كەلگەن. گەرچە بۇ ئىككى دۆلەت ئۆتكەن ئون يىلدا مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتكەن بولسىمۇ، لېكىن بەزى مۇتەخەسسىسلەر ئۇلارنىڭ «ئىستراتېگىيەلىك شېرىكچىلىك» مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزلىرى دەۋا قىلغاندەك پۇختا ئەمەسلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، «بۇ ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ئىتتىپاقداشلىقتا قانداقتۇر بىر-بىرىگە بولغان مايىللىق ئەمەس، بەلكى ئامېرىكادىن ئىبارەت ئورتاق دۈشمەنگە ئىگە ئىكەنلىكى سەۋەب بولغان» دەپ قاراشماقتا.

ئۆتمۈشتە كوممۇنىزم تەلىماتى، پەۋقۇلئاددە ئۇزۇن (تەخمىنەن 4200 كىلومېتىرغا يېقىن) ئورتاق چېگرا ۋە خىتاي ۋىرۇسى ۋاباسى قاتارلىقلار ۋەزىيەتتىكى جىددىيلىككە سەۋەب بولغانىدى. بۈگۈنمۇ ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ئارىسىدىكى ئالاقە يەنىلا ناھايىتى ئاجىز. گەرچە ئىككى دۆلەت ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلدارلار يەنىلا بىر-بىرىگە ئىشەنمەيدۇ. نۇرغۇن تاشقى سىياسەت تەھلىلچىلىرى «رۇسىيەنىڭ 2022-يىلى ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلغانلىقى ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قېلىشى؛ شۇنداقلا، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزگىرىش دۇنيا تەرتىپىگە زور تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن» دەپ قاراشماقتا.

## رۇسىيە بىلەن خىتاي ئىتتىپاقداشمۇ؟

رۇسىيە بىلەن خىتاي رەسمىي ئەھدىنامە ئىمزالاشقان ئىتتىپاقداشلاردىن ئەمەس، بۇ ئۇلارنىڭ بىر-بىرىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى يوقلۇقىدىن دېرەك بېرىدۇ. لېكىن، ئۇلار بىر-بىرىنى «ئىستراتېگىيەلىك شېرىك» دەپ ئاتىشىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىمۇ يېقىنقى بىر قانچە يىلدا بارغانسېرى كۈچەيدى. 2022-يىلى 2-ئايدا، يەنى رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلىشىدىن 20 كۈن ئىلگىرى خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ بىلەن رۇسىيە پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن كۆرۈشتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھەمكارلىقىنى «چەكسىز» دەپ سۈپەتلىدى، شۇنداقلا ئوخشىمىغان ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە ۋەدىلەشتى. شى جىنپىڭ بىلەن پۇتىن ئارىسىدىكى شەخسىي مۇناسىۋەت خېلىلا قويۇق دەپ قارىلىدىغان بولۇپ، ئۇلار 2012-يىلدىن بۇيان قىرىق قېتىمدىن كۆپرەك كۆرۈشكەن.

لېكىن، بەزى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ «ئامېرىكا بىزنىڭ مەنپەئەتىمىزنى تەھدىتكە ئۇچراتتى» دەپ قارايدىغانلىقى بۇ خىل ھەمكارلىقتا سەۋەب بولغان ئاساسلىق ئامىلدۇر. ئامېرىكانىڭ رەھبەرلىرىمۇ يېقىنقى يىللاردا خىتاي بىلەن رۇسىيەنى ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ رەقىبلىرى دەپ سۈپەتلىدى. يېيىل قانۇن ئىنستىتۇتىدىكى سۇسان سورنتون (Susan A. Thornton) بۇ ھەقتە شۇنداق دەيدۇ: «مەنچە رۇسىيە بىلەن خىتاي تەبىئىي ئىتتىپاقداشلاردىن ئەمەس. بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ يىرىكلىشىشى ئۇلارنىڭ ئۆزئارا يېقىنلىشىشىغا سەۋەب بولغان.»

ئۇلارنىڭ تاشقى سىياسەت ۋە مەنپەئەت سېلىشتۇرمىسى

خىتاي بىلەن رۇسىيەنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى بەزى ئوخشاشلىقلارغا ئىگە: ھەر ئىككىسى مۇستەبىت ھاكىمىيەت بولۇپ، ھوقۇق ئۇزۇن مەزگىل تەختتە ئولتۇرىدىغان بىرلا كىشىنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەن. خىتايدا «خىتاي كومپارتىيەسى»دىن ئىبارەت بىرلا پارتىيە بار، رۇسىيەدە بولسا پۇتىننىڭ «رۇسىيە بىرلىك پارتىيەسى» ھاكىمىيەت بېشىدا بولسىمۇ، ئەمما كۆپ پارتىيەلىك سىستېما بار. ھەر ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتى دۆلەت ئىچىدىكى ئۆكتىچىلەرنى بارغانسېرى قاتتىق باستۇرماقتا ۋە ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن «قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش» پرىنسىپىنى دەپسەندە قىلماقتا.

ئۇلار يەنە ئاغدۇرما خاراكتېرلىك غەيرىي ھەربىي تاكتىكىلار ئارقىلىق ئۆز تەسىر كۈچىنى چەتئەللەرگىچە كېڭەيتىپ، دېموكراتىك قائىدە ـ نىزاملارنى ۋەيران قىلماقتا. مەسىلەن، رۇسىيە توردا ساختا ئۇچۇر تارقىتىش ۋە خاككېرلىق ھۇجۇملىرى قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق 2016 ـ يىلىدىكى ئامېرىكا پرېزىدېنتلىق سايلىمىنى ئۆز ئېچىگە ئالغان چەتئەل سايلاملىرىغا مۇداخىلە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاينىڭ («خەلقئارالىق تېلېۋىزىيە تورى»غا ئوخشاش) دۆلەت تاراتقۇلىرى نەچچە ئونلىغان دۆلەتلەردىكى ئۇچۇر بوشلۇقىنى ئىگىلەپ، خىتاي ھاكىمىيىتىگە پايدىلىق ئۇچۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە تارقىتىشقا باشلىدى.

خىتاي بىلەن رۇسىيە ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىدە بىر ـ بىرىنى قوللايدىغان (ھېچبولمىغاندا ئۆزئارا قارشى چىقمايدىغان) بولۇپ، بۇ ئىككىلىسى مەزكۇر كېڭەشنىڭ رەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە دائىمىي ئەزالىرىدۇر. گەرچە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەنپەئەتى پەرقلىق بولسىمۇ ــــ رۇسىيە مەزكۇر سابىق سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە (ئۆزىگە بېقىنغان) سىياسىي مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئويلىسا، خىتاي ئۆزىنىڭ بۇ يەردىكى تىجارەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ كويىدا ــــ ئۇلار ئۆزئارا توقۇنۇشتىن ساقلىنىپ كەلدى، شۇنداقلا «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» ئارقىلىق رايوننىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلاش جەھەتتە ھەمكارلاشتى.

ھالبۇكى، ئۇلار تاشقى سىياسەت نىشانلىرىنى بېكىتىش ۋە شۇ نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەھەتتە زور پەرققە ئىگە. خىتاينىڭ ئىقتىسادى ئامېرىكانىڭكىدىن قالسىلا دۇنيادا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، كۆلەم جەھەتتە رۇسىيەنىڭكىنىڭ سەككىز ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. شۇنداقلا، خىتاي ئىقتىسادى تاجسىمان

ۋرۇس ۋاباسىغا قارىماستىن يەنىلا ئۈشۈۋاتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، رۇسىيەنىڭ ئىقتىسادى ــ ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلىشتىن ئىلگىرى دۇنيادا 11 ـ ئورۇندا ئىدى ــ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىزچىل تۆرگۈن ھالەتتە تۇرۇپ كەلدى. رۇسىيە 2022 ـ يىلى ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن، غەرب ئەللىرى ئۇنىڭغا قارىتا مىسلىسىز ئىقتىسادىي جازالارنى يۈرگۈزدى. مەزكۇر جازالارنىڭ ئالدىمىزدىكى يىللاردىمۇ رۇسىيە ئىقتىسادىنىڭ ئۆسۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئاردىكى بۇ خىل پەرقلەر خىتاي ھۆكۈمىتىدىكى بەزى شەخسلەرنىڭ رۇسىيەنى «ئاجىز ھەمراھ» دەپ قارىشىغا سەۋەب بولغان.

| | خىتاي | رۇسىيە |
|---|---|---|
| نوپۇس (2022) | 1 مىليارد 400 مىليون | 142 مىليون |
| GDP (2021) | 16.6 تىرىليون | 1.7 تىرىليون |
| كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان GDP (2021) | 11 مىڭ 819 دوللار | 11 مىڭ 654 دوللار |
| ھەربىي خىراجەت (2021) | 293 مىليارد دوللار | 65.9 مىليارد دوللار |
| تەتقىقات خىراجىتى (2018) | 465.2 مىليارد دوللار | 41.5 مىليارد دوللار |

مەنبە: ئامېرىكا مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ دۇنيا ئەھۋالى دوكلاتى؛ خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى؛ ستوكھولم خەلقئارا تىنچلىق تەتقىقات يۇرتى؛ «ب د ت مائارىپ، ئىلىم ـ پەن ۋە كۇلتۇر تەشكىلاتى»نىڭ ستاتىستىكا تەتقىقات ئورنى.

بەزىلەرنىڭ قارىشىدا، خىتاي مەۋجۇت دۇنيا تەرتىپىدىن ناھايىتى زور نەپكە ئېرىشكەن بولغاچقا، شۇڭا ئۇ مەزكۇر تەرتىپنى ئاغدۇرۇشنى ئەمەس، بەلكى ئۇنى «ئىسلاھ» قىلىپ، ئۆز مەنپەئەتىگە تېخىمۇ ئۇيغۇن ھالەتكە كەلتۈرۈشنى ئويلايدۇ. دەرۋەقە، خىتاي 2001 ـ يىلى «دۇنيا سودا تەشكىلاتى»غا ئەزا بولغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى يىللاردا، خىتاي ئەمەلدارلىرى ئۆز دۆلىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن ھەربىي توقۇنۇشتىن ساقلىنىشنى مەقسەت قىلغان «تىنچ قەد كۆتۈرۈش» دەپ تەرىپلەپ كەلگەنىدى. لېكىن، دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ زورىيىشى ۋە مىللىي دارامەتنىڭ ئېشىشىغا، بولۇپمۇ شى جىنپىڭنىڭ تەختكە چىقىشىغا ئەگىشىپ، خىتاينىڭ خورىكى بىر قانچە بالداق ئۆستى. نۆۋەتتە، خەلقئارالىق دېڭىز ھېسابلىنىدىغان جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدا سۈنئىي ئارال بەرپا قىلىش ۋە بۇ ئاراللارنى ھەربىيلەشتۈرۈش؛ تەيۋەنگە توختاۋسىز ھەيۋە قىلىش؛ «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى» ئارقىلىق ئۆزىنى مەركەز قىلغان ئىقتىسادىي سىستېما بەرپا قىلىپ، نامرات دۆلەتلەرنى قەرز ئارقىلىق ئۆزىگە باغلاش؛

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا «كۇڭزى ئىنستىتۇتلىرى» قۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۇلتۇرەل تەسىرىنى زورايتىشقا ئۇرۇنۇش قاتارلىق بىر قاتار قىلمىشلىرى خىتاينىڭ دۇنياغا خوجا بولۇش غەرىزىنى ئوپئوچۇق نامايەن قىلىپ تۇرماقتا.

يەنە بىر تەرەپتىن، رۇسىيەمۇ باشقا دۆلەتلەرنىڭ سايلىمىغا مۇداخىلە قىلىش، ئۆكتىچىلەرنى قەستلەش ۋە خاككېرلىق ھۇجۇمى قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق خەلقئارا قانۇن-نىزاملارنى دەپسەندە قىلماقتا. جورجىيا شتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ماريىيا رېپنىكوۋا (Maria Repnikova) بۇ ھەقتە شۇنداق دەيدۇ: «رۇسىيە (خىتايغا قارىغاندا) بەكرەك قۇتراتقۇ، خىتاي بولسا غەرب بىلەن بولغان رىقابەتتە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۆزىنى مۇددەتلىك تەدبىر قوللانماقتا. ھالبۇكى، بۇ ئىككىلىسى دۇنيادا مۇستەبىتلىك يۈزلىنىشىنىڭ كۈچىيىشىگە سەۋەب بولغان دۆلەتلەردۇر.»

ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت دۇچ كېلىۋاتقان ئاساسلىق خىرس قايسى؟

1. ئىشەنچسىزلىك.

نۇرغۇنلىغان خىتاي ۋە رۇسىيە ئەمەلدارلىرى، شىركەت خوجايىنلىرى ۋە پۇقرالار بىر-بىرىگە ئىشىنىشمەيدۇ. گەرچە شى جىنپىڭ بىلەن خىتاينىڭ مۇناسىۋىتى قويۇقتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرى تارىختىن بۇيان ئانچە يېقىن ئۆتەلمىگەن. بۇنىڭدىن سىرت، ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ھەر ئىككى دۆلەت پۇقرالىرىدا قارشى تەرەپنى كەمسىتىدىغان مىللەتچىلىك خاھىشى مەۋجۇت. ھەر ئىككى دۆلەتتىكى شىركەتلەر قارشى تەرەپ بىلەن ھەمكارلىشىشنىڭ مۈشكۈل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە. گەرچە ئىككى دۆلەت پەۋقۇلئاددە ئۇزۇن ئورتاق چېگراغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ساياھەت ۋە ئاكادېمىك باردى-كەلدىلەر تولىمۇ چەكلىك. شۇنداقلا، خىتاي ۋىرۇسى ۋاباسىمۇ ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ئىشىنىشمەسلىكنى كۈچەيتىۋەتتى.

2. ئۇكرائىنادىكى ئۇرۇش

رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلىشى خىتاينى تەڭقىسلىقتا قويدى. گەرچە، رۇسىيەنىڭ خىتايدىن ياردەم تەلەپ قىلغانلىقى توغرىسىدا خەۋەرلەر تارقالغان بولسىمۇ، لېكىن خىتاي ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىدىن كېلىدىغان تەنقىد (تېخىمۇ توغرىسى ئىقتىسادىي جازا)تىن قورقۇپ، ھازىرچە ئۇكرائىنادا رۇسىيەگە ئاشكارا ھەربىي ياردەم قىلمىدى. بۇنىڭدىن سىرت، رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا ھۇجۇم قىلىشىغا ھەمدەمدە بولۇش خىتاينىڭ ئۆزى ئۇزۇندىن بۇيان داۋاراڭ سېلىپ كەلگەن «مۇداخىلە قىلماسلىق» سىياسىتىگىمۇ زىت ئىدى. لېكىن، خىتاي ئەمەلدارلىرى مەزكۇر ئۇرۇش سەۋەبلىك پۈتىنى تەنقىدلەشتىن ئۆزىنى تارتتى. ھەتتا، ئامېرىكا بىلەن شىمالىي ئاتلانتىك تەشكىلاتىنى «رۇسىيەنىڭ چىشىغا تەگدى» دەپ تەنقىدلىدى.

3. ھىندىستان

رۇسىيە سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىدىن بېرى ئىزچىل ھالدا ھىندىستان بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلمەكتە. ھىندىستان قورال ـ ياراغلىرىنىڭ زور قىسمىنى رۇسىيەدىن سېتىۋالىدۇ. لېكىن، خىتاي ھىندىستان بىلەن ئۇزۇندىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن، 1962 ـ يىلى قىسقا مۇددەتلىك ئۇرۇشقا، 2020 ـ يىلدىكى توقۇنۇشقا ۋە باشقا قاتىل ۋەزىيەتلەرگە سەۋەب بولغان چېگرا تالاش ـ تارتىشلىرى تۈپەيلى، ھىندىستاندىن ھەرۋاقىت ھەزەر قىلىدۇ.

ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىلىرى قايسىلار؟

نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، خىتاي ـ رۇسىيە مۇناسىۋىتى نۇرغۇن ئېگىز ـ پەسلىكلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

خىتاي بىلەن رۇسىيەنىڭ بىردەك ھالدا ماركىسىزمچى ـ لېنىنىزمچى كوممۇنىستىك ئىدىئولوگىيەگە چوقۇنغانلىقى بىر مەھەل بۇ ئىككى دۆلەتنى بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتۇرغان، ھەتتا خىتاي رەھبىرى ماۋ زېدوڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئۈرنىكى، دەپ قارىغانىدى. ئۇلار 1950 ـ يىلى ئوتتۇز يىللىق ئىتتىپاقداشلىق كېلىشىمى ئىمزالاشتى. سوۋېت ئىتتىپاقى خىتاينىڭ يادرو قورالى ياسىشىغا ھەمدەمدە بولدى ۋە خىتاينى ئەنئەنىۋى قوراللار بىلەن تەمىنلىدى. شۇنداقلا، ئاكادېمىكلەرنى ۋە ئالىملارنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە مەسلىھەتچىلىككە ئەۋەتتى.

1960 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، مەزكۇر مۇناسىۋەت ناچارلاشتى ۋە ئاخىرىدا «خىتاي ـ سوۋېت بۆلۈنۈشى»گە ئايلاندى. بۇنىڭغا قىسمەن ھالدا كوممۇنىستىك ئىدىئولوگىيەگە بولغان تونۇشتىكى ئىختىلاپ (نىكىتا خرۇشېفنىڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن ستالىننى ۋە ئۇنىڭ سىياسىي مېتودىنى كۈچلۈك تەنقىد قىلىشى ھەمدە «كوممۇنىزمنى ئىسلاھ قىلىش»، يەنى رېۋىزىئونىزم خاھىشى خىتاي رەھبەرلىرىگە ــ بولۇپمۇ ماۋ زېدوڭغا ــ ياقمىغان، ھەتتا خىتاي «يەتتىنچى نومۇرلۇق ھۆججەت»نى ئېلان قىلىشتىن ئىلگىرى، «شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاساسىي خەۋپ سوۋېتچە رېۋىزىئونىزمدىن كېلىدۇ» دەپ جار سېلىپ يۈرگەنىدى، ت) سەۋەب بولغان بولسا، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇش ـ قويۇقلاشتۇرماسلىق جەھەتتىكى تۈتۈمى، شۇنداقلا رۇسىيەنىڭ ھىندىستانغا تۇتقان پوزىتسىيەسىمۇ بۇ خىل يىرىكچىلىكنى ئەدىتىۋەتكەنىدى. ھالبۇكى، 1969 ـ يىلى خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ تالاش ـ تارتىش ئىچىدىكى دەريا ئاراللىرىنىڭ ئەتراپىدا سوۋېت بىخەتەرلىك خادىملىرىغا ھۇجۇم قىلىشى سەۋەبلىك باشلىنىپ، بىر نەچچە ئاي داۋاملاشقان چېگرا توقۇنۇشى بۇ خىل زىددىيەتنى رەسمىي ئەۋجىگە چىقاردى. ئەينى چاغدا، بەزى مۇتەخەسسىسلەر «سوۋېت ئىتتىپاقى خىتايغا قارشى يادرو قورالى ئىشلىتىشى مۇمكىن» دەپ ئەنسىرەشكەنىدى، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنداق قىلمىدى. 1980 ـ يىلىغا كەلگەندە

«ختاي سوۋېت ئىتتىپاقداشلىق كېلىشىمى»نىڭ مۇددىتى توشتى ـ دە، ئىككى دۆلەت ئاساسەن بىر ـ بىردىن ئايرىلدى.

1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، جىددىيلىك پەسىيىشكە باشلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبىرى مىخايىل گورباچېف 1989 ـ يىلى بېيجىڭنى زىيارەت قىلدى. بۇ سوۋېت ـ ختاي رەھبەرلىرىنىڭ ئوتتۇز يىلدىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق رەسمىي ئۇچرىشىشى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، گورباچېف بىلەن ختاي رەھبىرى دېڭ شياۋپىڭ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى نورماللاشتۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 1991 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، ختاي ـ رۇسىيە مۇناسىۋىتى داۋاملىق تەرەققىي قىلدى. 2001 ـ يىلى، ئۇلار «ياخشى قوشنىدارچىلىق ۋە دوستانە ھەمكارلىق كېلىشىمى» ئىمزالاپ، بىر ـ بىرىگە قارشى يادرو قورالى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ۋەدىلەشتى.

2008 ـ يىلدىكى خەلقئارالىق پۇل مۇئامىلە كرىزىسى مەزگىلىدە، ختاي بىلەن رۇسىيە غەربنى چۆكۈۋاتىدۇ، دەپ قاراپ، «كىيسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى گۇرۇھى» (BRIC) ئارقىلىق ئۆزئارىسىدىكى، شۇنداقلا برازىلىيە ۋە ھىندىستان قاتارلىق يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ئىقتىسادىي گەۋدىلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتتى.

رۇسىيەنىڭ 2014 ـ يىلى قىرىمنى بېسىۋېلىشى ــــ گەرچە ختاي قىرىمنىڭ رۇسىيەگە تەۋە بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىغان بولسىمۇ ــــ ختاي ـ رۇس ھەمكارلىقىنى زور دەرىجىدە تېزلەتتى. ئامېرىكا ۋە باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ رۇسىيەگە ئېمبارگو يۈرگۈزۈشىگە ۋە رۇسىيە بىلەن تىجارەت قىلىشتىن ئۆزىنى تارتىشىغا ئەگىشىپ، «رۇسىيە ئۆزىنىڭ (ئىقتىسادىي جەھەتتە) ختايغا تېخىمۇ بەك تايىنىشقا ۋە ئاسىياغا يۈزلىنىشكە موھتاجلىقىنى تونۇپ يەتتى» دەيدۇ ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى جوسېف تورىگىيان (Joseph Torigian). شى جىنپىڭنىڭ 2015 ـ يىلدىكى موسكۋا زىيارىتى مۇناسىۋەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەھەتتىكى ئوچۇق سىگنال ئىدى. شۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشتا ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى يېڭى قورال ـ ياراغ سېتىۋېلىش كېلىشىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يىگىرمىدىن ئارتۇق قوش تەرەپلىك كېلىشىم ئىمزالاشتى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت قانداق؟

گەرچە ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى تىجارەت ئۆتكەن يىگىرمە يىلدا ئېشىپ، 2021 ـ يىلى 147 مىليارد دوللارلىق تارىخىي رېكورت ياراتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى تولىمۇ تەڭپۇڭسىزدۇر. ختاينىڭ رۇسىيەگە تايىنىشىغا سېلىشتۇرغاندا، رۇسىيەنىڭ ختايغا بولغان تايىنىشى خېلى بەكلا ئېغىر بولۇپ، بۇ مەسىلە رۇسىيە دائىرىلىرىنى تەشۋىشلەندۈرۈپ كەلمەكتە. مەسىلەن، ختاي رۇسىيەنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىدىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ سودا ھەمراھى بولسىمۇ، رۇسىيە ختاينىڭ سودا ھەمراھلىرى ئىچىدە 14 ـ قاتاردا تۇرىدۇ. رۇسىيەنىڭ ختاي بىلەن بولغان تىجارىتى ئۇنىڭ ئومۇمىي تىجارىتىنىڭ 18 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ختاينىڭ رۇسىيە بىلەن بولغان تىجارىتى

ئۇنىڭ ئومۇمىي تىجارىتىنىڭ ئارانلا ئىككى پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. رۇسىيە يەنە ئېنېرگىيە ۋە تېلېگراف ئۇل مۇئەسسەسەلىرىگە مەبلەغ سېلىشتىمۇ خىتاي شىركەتلىرىگە ۋە بانكىلىرىغا تايىنىدۇ.

ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ (ئۇكرائىنا كرىزىسى سەۋەبلىك) رۇسىيەنىڭ نېفىتلىرىنى ئىمپورت قىلىشقا چەكلىمە قويۇشقا ئەگىشىپ، رۇسىيە خىتاي بىلەن بولغان تىجارەتكە تېخىمۇ بەك بېقىنىپ قېلىشى مۇمكىن. خىتاي بىلەن رۇسىيە ئارىسىدىكى تىجارەت ئەسلىدىنلا ئېنېرگىيەنى ئاساس قىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەبىرىدىكى «ئۆزئارا تولۇقلىغۇچى ئىقتىسادىي گەۋدىلەر» ئىكەنلىكى سەۋەب بولغان. خىتاينىڭ ئېنېرگىيەگە بولغان ئېھتىياجى پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك، رۇسىيەدە بولسا مول مىقداردا نېفىت ۋە تەبىئىي گاز بار. دەرۋەقە، 2020-يىلى رۇسىيەدىن خىتايغا ئېكسپورت قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئېنېرگىيەگە ئائالاقىدار ئىدى. 2021-يىلى، خىتاينىڭ خام نېفىت ئىمپورتىنىڭ 16 پىرسەنتىنى، كۆمۈر ئىمپورتىنىڭ 15 پىرسەنتىنى، تەبىئىي گاز ئىمپورتىنىڭ ئون پىرسەنتىنى رۇسىيە تەمىنلىدى.

ئىگىلىنىشچە، ئۇكرائىنادىكى ئۇرۇش باشلىنىشتىن ئىلگىرى، شى جىنپىڭ بىلەن پۇتىن 2024-يىلغا بارغاندا ئۆزئارىسىدىكى تىجارەت مىقدارىنى ئەللىك پىرسەنت ئاشۇرۇشقا ۋەدىلەشكەن ۋە چېگرا ھالقىغان تەبىئىي گاز تۇرۇبا لىنىيەسى قۇرۇشنى پىلانلىغان (نۆۋەتتە، رۇسىيەنىڭ تەبىئىي گاز تۇرۇبىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ياۋروپاغا گاز يەتكۈزىدىغان بولۇپ، پەقەت بىرىلا خىتايغا گاز يەتكۈزىدۇ). لېكىن، خەۋەر قىلىنىشچە، بىر قىسىم خىتاي شىركەتلىرى خەلقئارالىق ئىقتىسادىي جازالارغا ئۇچراشتىن قورققانلىقتىن، رۇسىيەدە يېڭى تۈرلەرنى ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمايۋېتىپتۇ.

خىتاي بىلەن رۇسىيە ئۆزلىرىنىڭ غەربنىڭ بانكا سىستېمىسىغا بولغان تايىنىشىنى ۋە ئىقتىسادىي جازالارغا بولغان ئاجىزلىقلىرىنى ئازايتىش مەقسىتىدە، ئۆزئارىسىدىكى تىجارەتتە دوللار ئىشلەتمەسلىككە باشلىدى. بۇ جەريان «دوللارسىزلاشتۇرۇش» (de-dollarization) دەپ ئاتالىدى. رۇسىيە چەتئەل سودىلىرىدا ياۋرونى بارغانسېرى كۆپ ئىشلىتىشكە باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن خىتاي بىلەن بولغان تىجارەتلىرىدە خىتاي پۇلى ياكى رۇبلىنى تېخىمۇ كۆپ ئىشلەتمەكتە. لېكىن، خىتاي ھېلىھەم رۇسىيەنىڭ SPFS پۇل يۆتكەش سىستېمىسىغا كىرگىنى يوق. مەزكۇر سىستېما ئامېرىكانىڭ يېتەكچىلىكىدىكى SWIFT سىستېمىسىنىڭ ئورۇنباسارى سۈپىتىدە قۇرۇلغانىدى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەربىي مۇناسىۋەت قانداق؟

خىتاي بىلەن رۇسىيەنىڭ ئارىسىدا رەسمىي ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتى يوق. شۇنداقلا، بۇ ئىككى دۆلەت ئارمىيەسى ئەزەلدىن بىر سەپتە ئۇرۇش قىلىپ باقمىغان. لېكىن، 2014-يىلىدىن بۇيان، ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى دۆلەت مۇداپىئە ھەمكارلىقى كۈچەيدى. ئىككى دۆلەت باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن ئاگاھلاندۇرۇش سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش جەھەتتە ھەمكارلىششقا باشلىدى. ئۇلار يەنە سۈنئىي

ھەمراغا تايىنىدىغان يول باشلاش سىستېمىلىرىنى بىرلەشتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالەم بوشلۇقى ھەمكارلىقلىرىنىمۇ كۆچەيتمەكتە.

ستوكھولم خەلقئارا تىنچلىق تەتقىقات يۇرتىنىڭ دوكلاتىغا كۆرە، 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، خىتاي ئىمپورت قىلغان قورالالارنىڭ كۆپىنچىسى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە رۇسىيەدىن كەلگەن. لېكىن، يېقىنقى يىللاردا، رۇسىيە خىتايغا ساتىدىغان قورال ـ ياراغلارنىڭ مىقدارى ئازايدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى شۇكى، بىر تەرەپتىن خىتاي دۆلەت مۇداپىئە سانائىتىدە ئىلگىرىلىدى (يەنى شۇ سەۋەبلىك رۇسىيەگە ئىلگىرىكىدەك موھتاج بولمايۋاتىدۇ). يەنە بىر تەرەپتىن، رۇسىيە خىتاينىڭ تېخنىكا ئوغرىلىشىدىن قورقۇۋاتىدۇ. خىتاي ھازىر ئۆز قوراللىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۆزى ئىشلەپچىقىرىۋاتىدۇ ھەمدە ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ قورال ئېكسپورتچىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

خىتاي بىلەن رۇسىيەنىڭ بىرلەشمە مانېۋىرلىرى كۆپىيىۋاتقان بولۇپ، ئۇلار 2003 ـ يىلى تۇنجى قېتىم بىرلەشمە مانېۋىر ئۆتكۈزگەندىن بۇيان، جەمئىي نەچچە ئون قېتىم بىرلەشمە مانېۋىر ئۆتكۈزۈپ بولدى. شۇنداقلا، مانېۋىرلار (قېتىم سانى ئېشىشتىن سىرت) تېخىمۇ چوڭايدى ۋە مۇرەككەپلەشتى. بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، مەزكۇر مانېۋىر خىتاي ـ رۇسىيە ئارمىيەلىرىنىڭ ماسلىششچانلىقىنى ۋە ئۆزئارا ئىشەنچىنى ئاشۇرۇشقا تۆرتكە بولغان. يەنە بەزىلەر: «مەزكۇر مانېۋىرلار ئۆزىنىڭ ھەربىي ئۇنۇمىدىن سىرت، ئامېرىكاغا ۋە ياۋروپا ئەللىرىگە بەرگەن سىگنالى بىلەن تېخىمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر» دەپ قارايدۇ. بۇ يىل 5 ـ ئايدا ئامېرىكا پرېزدېنتى جوۋ بايدېن ۋە «تۆت تەرەپ بىخەتەرلىك دىيالوگى»غا ئەزا باشقا دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى توكيونى زىيارەت قىلىۋاتقاندا، خىتاي بىلەن رۇسىيە ئۆزلىرىنىڭ «ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىقى»نى يەنە بىر قېتىم دەبدەبىلىك نامايەن قىلىپ، ياپونىيەنىڭ ئەتراپىدا بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرىنى ئۇچۇردى. بۇ ئۇكرائىنادىكى ئۇرۇش باشلانغاندىن بۇيان، رۇسىيە بىلەن خىتاينىڭ تۇنجى قېتىملىق بىرلەشمە مانېۋىرى ئىدى.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.cfr.org/backgrounder/china-russia-relationship-xi-putin-taiwan-ukraine



مىسلىسىز ئويغىنىش

# ناتونۇش مۇھىت تەشۋىشى توغرىسىدا

ستىفىن ۋالت

# ناتونۇش مۇھىت تەشۋىشى توغرىسىدا

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ماددىي تەرەققىياتىغا ۋە شۇنىڭغا ياندىشىپ كەلگەن پەۋقۇلئاددە تېز تۇرمۇش رىتىمىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلار ئاجايىب ـ غارايىب پىسخىكىلىق مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە. بۈگۈن بىز تونۇشتۇرماقچى بولغان «ناتونۇش مۇھىت تەشۋىشى» (Agoraphobia) ئەنە شۇلارنىڭ تىپىك مىساللىرىدىن بىرىدۇر.

ئۇنداقتا، «ناتونۇش مۇھىت تەشۋىشى» زادى نېمە؟

«Agoraphobia» گرېكچىدىكى «بازار، مەيدان» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «Agora» كەلىمىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئەسلىدە «بازاردىن قورقۇش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دېمىسىمۇ، تالالا بازار، سودا سارايلىرى، تىرامۋاي، پويىز، ئايروپىلان، ئايرودروم قاتارلىق ئاۋات ئاممىۋى سورۇنلار ناتونۇش مۇھىت تەشۋىشى بىمارلىرى ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنچلۇق جايلاردۇر. لېكىن، ئۇلارنىڭ قورقۇنچى بۇ خىل ئاۋات جايلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ئۇلار قۇپقۇرۇق زال ياكى باغچا دېگەندىن جايلاردىنمۇ قورقىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ناتونۇش مۇھىت تەشۋىشى بىر خىل ئەندىشە بىنورماللىقى بولۇپ، بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچى ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان ياكى ئۆزى بىخەتەر دەپ قارىغان مۇھىتتىن ئايرىلىشتىن ئەنسىرەيدۇ. ئەھۋال ئېغىرلىشىپ كەتكەندە، ناتونۇش مۇھىت تەشۋىشىگە گىرىپتار بولغۇچى ئۆز ئۆيىنى بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر بىخەتەر جاي دەپ قاراپ، ئۇ يەردە نەچچە كۈن، نەچچە ئاي، ھەتتا نەچچە يىلغىچە سىرتقا چىققىلى ئۇنىمايدۇ.

كۆپىنچە ھاللاردا، ناتونۇش مۇھىت تەشۋىشى مۇئەييەن ھادىسە، ئورۇن ياكى ئەھۋالغا بولغان يېنىك تەشۋىشتىن باشلىنىدۇ ۋە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئاممىۋى سورۇنلارغا بولغان ئومۇمىيۈزلۈك تەشۋىشكە ئايلىنىپ كېتىدۇ. پىسخىك ساغلاملىق مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قارىشىچە، ناتونۇش مۇھىت تەشۋىشىنىڭ مەنبەسى تەشۋىشكە بولغان روھىي ۋە جىسمانىي تۇيغۇ جەھەتتىكى قورقۇنچ؛ شۇنداقلا، ئىشلارنى تىزگىنلىيەلمەسلىككە ۋە قېين ئەھۋالدا قېلىشقا بولغان ئەندىكىشتۇر. ناتونۇش مۇھىت تەشۋىشىگە گىرىپتار بولغۇچىلار «خەتەرلىك» جايلارغا بېرىشنى خالىمايدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇنداق قىلىشنىڭ تەشۋىش ياكى قورقۇنچقا سەۋەب بولۇشىدىن ئەنسىرەيدۇ.

ناتونۇش مۇھىت تەشۋىشىنىڭ ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن:

«بىخەتەر» دەپ قارالغان مۇھىتتىن يىراقلىشىپ كېتىشكە بولغان تەشۋىش.

نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىش، تەرلەش، بېشى قېيىش، يۈرەك سوقۇشى تېزلىشىش، تۇنجۇقۇپ قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىش، كۆڭلى ئاينىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالاقزادىلىك.

بىخەتەر مۇھىتتىن ئايرىلىش تەلەپ قىلىنغاندا ئەندىكىش.

ئۆزىنى قەدىرلىمەسلىك ۋە ئۆزگە بولغان ئىشەنچسىزلىك

ئۆيدىن ئايرىلىشنى ياكى تونۇش مۇھىتنىڭ سىرتىغا چىقىشنى خالىماسلىق.

بەزىدە بۇنىڭغا چۈشكۈنلۈكمۇ ياندىشىپ كېلىشى مۇمكىن.

## ناتونۇش مۇھىت تەشۋىشى تەدرىجىي پەيدا بولىدۇ

ناتونۇش مۇھىت تەشۋىشى كۆپىنچە ھاللاردا خىزمەتتىن ئايرىلىپ قېلىش ياكى (نىكاھ مۇناسىۋىتى، ئەل ـ ئائىلىندارچىلىق قاتارلىق) مۇناسىۋەتلەرنىڭ بۇزۇلۇشى دېگەندەك كىشىگە بېسىم ئەكېلىدىغان مەلۇم بىر ۋەقەدىن باشلىنىدۇ. بۇنداق ۋەقەگە دۇچ كەلگەن كىشى ئازابلىنىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىگە چەك قويىدۇ (بۇ «ئۆزىنى قاچۇرۇش قىلمىشى» (avoidance behaviour) دەپ ئاتىلىدۇ). ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بېرىش چەكلەنگەن ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىدۇ ـ دە، ئاخىرىدا ئۇلار ئۆيىگە تەلتۆكۈس قاپسىلىپ قالىدۇ.

باشقا خىل ئەھۋاللاردا، قاتتىق بېسىملىق ۋەقەلەر ئالاقزادىلىككە سەۋەب بولىدۇ. كىشى بۇنىڭدىن بەكلا بىئارام بولغاچقا، يەنە بىر قېتىم تېخىمۇ ئېغىر ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئاشۇ خىل ۋەقەگە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان ھەرقانداق ئەھۋال ياكى ئورۇندىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.

## ناتونۇش مۇھىت تەشۋىشىنىڭ سەلبىي تەسىرلىرى

ناتونۇش مۇھىت تەشۋىشى ۋاقتىدا داۋالانمىغان تەقدىردە، كىشىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىگە ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزەلەيدۇ. مەسىلەن:

* ئۆي سىرتىدىكى خىزمەت، ئوقۇش، ئىجتىمائىي ئالاقە، قىزىقىش ۋە خىلمۇخىل چېنىقىش پائالىيەتلىرى توختاپ قالىدۇ.

* ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق، بىكىنمىچىلىك، يالغۇزلۇق ۋە زېرىكىش تېخىمۇ چوڭ ئازابقا سەۋەب بولۇشى ۋە چۈشكۈنلۈك خەۋپىنى ئاشۇرۇۋېتىشى مۇمكىن.

* كىشى ئۆزىدىكى قورقۇنچلارنىڭ نامۇۋاپىقلىقىنى ھېس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنى بۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتىشكە قادىر ئەمەستەك ھېس قىلىشى مۇمكىن.

* كىشى ئۆز ـ ئۆزىگە ئاچچىقلىنىپ، ئۆز ـ ئۆزىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىشى مۇمكىن.

* بۇ خىل سەلبىي ھېسسىياتلار ئۆزىنى قەدىرلەش تۇيغۇسىنى سۇسلاشتۇرۇپ، چۈشكۈنلۈككە، شۇنداقلا باشقا خىل تەشۋىش ۋە قورقۇنچلارغا سەۋەب بولىدۇ.

* كىشى (ھەددىدىن زىيادە كۆپ يەپ ـ ئىچىش، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، ھاراق ئىچىش دېگەندەك) خاتا ئۇسۇللارغا مۇراجىئەت قىلىشى مۇمكىن، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ياكى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

ناتونۇش مۇھىت تەشۋىشىگە دىياگنوز قويۇش

ئادەتتە بۇ كېسەلگە بىمارلار مەلۇم قىلغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن دىياگنوز قويۇلىدۇ. لېكىن، دوختۇر بىماردىكى ئالامەتلەرگە بەدىنىدىكى مەلۇم كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەب بولغان ـ بولمىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش مەقسىتىدە، بىر قاتار تىببىي تەكشۈرۈشلەرنى قىلىشىمۇ مۇمكىن. شۇنداقلا، دوختۇر بىمارنىڭ تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەكشۈرتۈش ۋە داۋالىنىش ئۈچۈن پسىخولوگقا ياكى پسىخىكا دوختۇرىغا كۆرۈنۈشنى تەۋسىيە قىلىشىمۇ مۇمكىن.

ناتونۇش مۇھىت تەشۋىشىنى داۋالاش

ناتونۇش مۇھىت تەشۋىشىنى داۋالىغان ھامان، خېلىلا ياخشى ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ. دوختۇر تەۋسىيە قىلغان داۋالاش لايىھەلىرى بىمارنىڭ ئەھۋالى ۋە قىزىقىشىغا ئاساسەن ئۆزگىرىدىغان بولسىمۇ، كۆپىنچە ھاللاردا تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن:

چۈشكۈنلۈككە ياكى تەشۋىشلىنىشكە قارشى دورىلار ئارقىلىق داۋالاش

بىلىش قىلمىشى ۋە قورقۇشقا خىرس ئېلان قىلىش ئارقىلىق داۋالاش

مەسلىھەت بېرىش ۋە سۆھبەت ئارقىلىق داۋالاش

ئارام ئالدۇرۇش مەشقلىرى

ئۆز ـ ئۆزىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىش

ناتونۇش مۇھىت تەشۋىشىنى يېڭىش جەھەتتىكى ئۆز ـ ئۆزىنى داۋالاش ئۇسۇللىرىدىن بەزىلىرى

ناتونۇش مۇھىت تەشۋىشىنى يېڭىشنىڭ ئاچقۇچلۇق ئامىللىرىدىن بىرى تەشۋىشنىڭ ئالامەتلىرىنى تىزگىنلەشنى ئۆگىنىۋېلىش ۋە ئۆزى قورقىدىغان مۇھىتقا (ياكى ئەھۋالغا) ئاستا ـ ئاستا سىڭىپ كىرىشتۇر.

بۇ جەھەتتە، كۆپ قوللىنىلىدىغان ئۆز ـ ئۆزىنى داۋالاش مېتودلىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

ئاستا نەپەسلىنىش: بەك تېز نەپەسلىنىش ئالاقزادىلىك ئالامەتلىرىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرىۋېتىدۇ. شۇڭا، ئاڭلىق ھالدا نەپەسلىرىڭىزنى ئاستىلىتىڭ. ھەر قېتىم نەپەس ئالغاندا، كۆكرەك قەسەمڭىزنىلا ئەمەس، قورسىقىڭىزنى كېڭەيتىشكە دىققەت قىلىڭ.

جىددىيلىكنى پەسەيتىش تېخنىكىسىنى ئىشلىتىش: بۇ چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىش، مۇسكۇلنى بوشىتىش ياكى دائىملىق چېنىقىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۆزىڭىزگە ماس كېلىدىغان جىددىيلىكنى پەسەيتىش مېتودىنى تېپىش ئۈچۈن تۈرلۈك چارىلەرنى سىناپ بېقىڭ.

ئەھۋالىڭىزنى چۈشىنىڭ: ناتونۇش مۇھىت تەشۋىشنى پەيدا قىلىدۇ. سىمپىتوملارنى ئىمكانىيىتى تەشۋىشنىڭ روھىقا ۋە بەدەنگە قانداق تەسىر قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىش كېرەك.

تۇرمۇش ئۇسلۇبىڭىزنى ئۆزگەرتىڭ: بۇ جەھەتتە، قەھۋە، ھاراق ۋە بەزى دورىلاردىن ساقلىنىشنىڭ پايدىسى بار. قەرەللىك چېنىقىش بىسىم پەيدا قىلىدىغان خىمىيەلىك ماددىلارنى كۆيدۈرۈپ، تەشۋىش دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىدۇ. بۇ جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن دوختۇردىن مەسلىھەت سوراڭ.

ئۆزىڭىز قورقىدىغان جايلارغا بېرىش قېتىم سانىڭىزنى تەدرىجىي كۆپەيتىڭ. شۇنداق قىلغاندا، شۇ يەرلەرگە بارغان تەقدىردىمۇ، ھېچقانداق يامان ئەھۋالغا دۇچ كەلمەيدىغانلىقىڭىزنى بايقاپ يېتەلەيسىز. بۇ جەھەتتە، ئالدى بىلەن ئىشەنچلىك دوستىڭىز ياكى دوختۇرىڭىز بىلەن بىللە، ئۆز نەزىرىڭىزدە تەھدىتى ئەڭ تۆۋەن بولغان جايغا بېرىڭ. بۇ جەريانىدا، تەشۋىشىڭىزنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئاستا نەپەسلىنىڭ ۋە ئۆگەنگەن باشقا مېتودلارنى قوللىنىڭ. مۇشۇ رەۋىشتە تەكرار مەشىق قىلىش ئارقىلىق مۇئەييەن ئورۇن ياكى ئەھۋالغا بولغان تەشۋىشىڭىز تەدرىجىي تۆۋەنلەيدۇ. بۇ خىل چارە «سىستېمىلىق سېزىمسىزلەشتۈرۈش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ جەھەتتە كەسپىي روھىي ساغلاملىق خادىملىرىنىڭ كۆرسەتمىلىرى تولىمۇ مۇھىم.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://www.betterhealth.vic.gov.au/health/conditionsandtreatments/agoraphobia



# ئىسلامدا ئاياللارنىڭ ئورنى

ئا. ئەركىن

# ئىسلامدا ئاياللارنىڭ ئورنى

ئا . ئەركىن

مىڭ يىللاردىن بېرى مۇسۇلمانلىق كىملىكى ئاستىدا ياشاپ كەلگەن مىللەت بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ئىسلامدا ئاياللارنىڭ قانداق ھۆرمەتلەنگەنلىكىگە ۋە قانداق ھەق-ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز ئەڭ كەمدە ئاياللارغا زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىش، زۇلۇم قىلىش نەتىجىسىدە ئائىلە كىرزىسىغا پېتىپ قېلىشىمىزدىن ساقلىنىشىمىزدىكى؛ چوڭ جەھەتتىن ئېيتقاندا ئىسلامنىڭ ئاياللارغا كۆرسەتكەن ھۆرمەت-ئىلتىپاتىدىن خەۋەرسىز ھالدا، بۇ ھەقتە كاللىمىزغا ئورناپ قالغان بىر تەرەپلىمە چۈشەنچىلەردىن قۇتۇلۇپ، مۇسۇلمانلىق نامىغا لايىق كىشىلەردىن بولالىشىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇنداقتا، ئىسلام قىز-ئاياللار ھەققىدە نېمە دەيدۇ؟ ئىسلام قىز-ئاياللارنىڭ شەنىنى، ئىززەت-ھۆرمىتىنى قايسى دەرىجىدە كۆتۈرگەن؟ بۇ ھەقتە ئىسلامنىڭ ئىككى ئاساسى بولغان قۇرئان ئايەتلىرى ۋە سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى يوليورۇق-كۆرسەتمىلىرىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇندۇم. ئىسلامنىڭ ئاياللارغا بولغان مەيدانىنى ئۆزىمىزنىڭ تەسەۋۋۇرى بويىچە شەرھلىگەننىڭ ئورنىغا، ئىسلامنىڭ ئاساسى بولغان قۇرئان بىلەن سۈننەتنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆرسەتمىسىنى ئوچۇق-ئاشكارا رەۋىشتە بايان قىلساق، ئىسلامنىڭ ئاياللارغا قانداق قارايدىغانلىقى روشەن رەۋىشتە مەلۇم بولىدۇ، ئىنشائاللاھ.

## ئىسلام ئانىنى ھۆرمەتلەشنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنىڭ كەينىدىلا تۇرىدىغان ئەڭ چوڭ پەرز قىلىپ بېكىتكەن

ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: {بىز ئىنساننى ئاتا - ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق.} (سۈرە ئەنكەبۇت، 8-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ قۇرئاندا يەنە مۇنداق دەيدۇ: {(ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا - ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر.} (سۈرە لوقمان، 14-ئايەت)

ئاللاھ قۇرئاندا يەنە مۇنداق دەيدۇ: {بىز ئىنساننى ئاتا - ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئىنساننى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى. ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 30 ئايدۇر.} (سۈرە ئەھقاف، 15-ئايەت)

ئاللاھ قۇرئاندا يەنە مۇنداق دەيدۇ: {پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا - ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك

سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۆشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن.} (سۈرە ئىسرا، 23 ـ ئايەت)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىرەيلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ «ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! مەن ياخشىلىق قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق كىشى كىم؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم «سېنىڭ ئاناڭ» دېدى. ئۇ كىشى «ئاندىنچۇ؟» دېدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم «سېنىڭ ئاناڭ» دېدى. ئۇ كىشى يەنە «ئاندىنچۇ؟» دېدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم «سېنىڭ ئاناڭ» دېدى. ئۇ كىشى «ئاندىنچۇ؟» دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم «داداڭ» دېدى. (بۇخارى5626؛ مۇسلىم5248)

(ئىسلامنىڭ ئاتا ـ ئانىلار ھەققىدىكى كۆرسەتمىلىرى توغرۇلۇق تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئېرىشمەكچى بولسىڭىز، ژۇرنىلىمىزنىڭ 28 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئىسلامدا ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتلەش توغرىسىدىكى كۆرسەتمىلەر» ناملىق ماقالىمىزگە مۇراجىئەت قىلغايسىز.)

## ئىسلام ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى پەرز قىلىپ بېكىتكەن؛ ئۇلارنى خورلاشنى، قالايمىقان ئۇرۇپ ـ دۇمبالاشنى ھارام قىلىپ بەلگىلىگەن

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇڭلار.» (بۇخارى 3331 ـ ھەدىس، مۇسلىم 1468 ـ ھەدىس)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭلار ئائىلىسىگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلاردۇر. ئاراڭلاردا مەن ئائىلەمگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلغۇچىمەن.» (تىرمىزى 3895 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1977 ـ ھەدىس)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئايالىڭ بىلەن خالىغىنىڭچە يېقىنچىلىق قىل؛ ئۆزۈڭ يېسەڭ ئۇنىڭغىمۇ يېگۈز، ئۆزۈڭ كەيسەڭ ئۇنىڭغىمۇ كەيگۈز، ئۇنىڭ يۈزىگە يامان سۆز قىلما، ئۇنى ئۇرما.» (سەھىھ جامىئۇس سەغىر 17؛ سەھىھ ئەبۇ داۋۇد 2143؛ ھەسەن سەھىھ)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم خىزمەتچىسىنى ياكى ئاياللىرىنى قەتئىي ئۇرۇپ باقمىغان.» (ئەبۇ داۋۇد 4786)

## ئىسلام ئەر كىشىنىڭ ئۆزىگە خىراجىئەت قىلىپ، ئايالىغا كەلگەندە خىراجىئەت قىلىشتىن باش تارتىشنى چەكلەيدۇ

ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:{ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللارنىڭمۇ ھەقلىرى بار.} (سۈرە بەقەرە، 228 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدىيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمدىن «ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ئاياللارنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى ھەققى نېمە؟» دەپ سورىغان

ئىدىم، رەسۇلۇللاھ «ئۆزۈڭ يېسەڭ، ئاياڭلىغىمۇ يېگۈزۈشۈڭ. ئۆزۈڭ كىيسەڭ ئاياڭلىغىمۇ كىيگۈزۈشۈڭ، يۈزىگە يامان سۆز قىلماسلىقىڭ ۋە ئۇنى ئۇرماسلىقىڭدۇر» دېدى. (ئەبۇ داۋۇد 2\244؛ ئىبنى ماجە 1850؛ ئەھمەد 4\446)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاياللىرىڭلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىڭلار.» (ترمىزى 1851؛ ئىبنى ماجە 1163)

ئىمام ئىبنى قۇدامە مۇنداق دېگەن: ئىسلام ئالىملىرى — ئايال كىشى ئېرىگە قارشى چىقىدىغان ئاياللاردىن بولمىغان تەقدىردە — ئەر كىشىنىڭ ئايالىنىڭ خەرج ـ خىراجىتىنى قىلىپ بېرىشىنىڭ پەرزلىكىدە ئىجمائىقا \ ئىتتىپاققا كەلگەن. بۇنىڭ پەرزلىكىدە ئىجما بارلىقىنى ئىبنى مۇنزىر ۋە باشقىلار نەقىل قىلغان. (7\564)

ئىمام ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىي (ۋاپاتى: ھىجرىيە 852؛ مىلادىيە 1474 ـ يىلى) سەھىھۇل بۇخارىنىڭ شەرھى «فەتھۇل بارى» ناملىق ئەسەردە مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ ئايالىنىڭ چىقىملىرىنى قىلىپ بېرىشىنىڭ پەرز ئىكەنلىكى توغرىسىدا بارچە ئىسلام ئالىملىرى ئىجمائىقا \ ئىتتىپاققا كەلگەن. (فەتھۇلبارى 9\498)

ئەگەر ئەر كىشى ئايالىنى قويۇۋەتكەن بولسا، قويۇۋېتىلگەن ئايال ئۈچ ئايلىق ئىددەت تۇتىدۇ. بۇ جەرياندا ئايالىنىڭ خىراجىتىنى ئەر كىشىنىڭ قىلىپ بېرىشى ئىسلامدا بەلگىلەنگەن. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: {تالاق قىلىنغان ئاياللارغا قائىدە بويىچە نەپىقە بېرىش لازىم. (ئۇ) تەقۋادارلارنىڭ ئۈتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر.} (سۈرە بەقەرە، 241 ـ ئايەت)

## ئىسلامدا ئايالىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش ۋە ئاسراش گۈزەل ئەخلاقنىڭ ۋە ھەقىقىي ئىماننىڭ سىمۋوللىرىدىن بىرى دەپ قارىلىدۇ

جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەرلەر ئاياللارنى خالىغانچە ئىدارە قىلاتتى. بىر ئايالنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ ئايال ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىنىڭ باشقا ئايالدىن بولغان ئوغلى ياكى ئېرىنىڭ ئاكا ـ ئىنىلىرى قاتارلىق تۇغقانلىرى تەرىپىدىن قۇلغا ئوخشاش تۇتۇپ تۇرۇلاتتى. ئەر كىشى ئۆلسە، ئايال كىشى ئەر كىشىنىڭ ئورۇنباسارلىرىغا مىراس سۈپىتىدە قالاتتى. ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىسلام شەرىئىتى بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىش ئارقىلىق، ئاياللارغا قىلىنىغان بۇنداق خورلۇقنى ئەمەلدىن قالدۇردى. قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: {ئى مۆمىنلەر! ئاياللارغا زورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى مىراس قىلىپ ئالماق (يەنى بىر ئادەمنىڭ قولىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان مال ئورنىدا قىلىۋالماق) سىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ؛ ئۇلار ئوپئوچۇق بىر پاھىشە ئىشنى قىلمىغان ھالەتتە، سىلەر ئۇلارغا بەرگەن مەھرىڭلاردىن بىر قىسمىنى يۇلۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتمەڭلار، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار (سەۋر قىلىڭلار)، چۈنكى سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا الله كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.} (سۈرە نىسا، 19 ـ ئايەت)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدە ئىمانى ئەڭ كامىلراقى ئۇلارنىڭ ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغانلىرىدۇر. سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئۆز ئاياللىرى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئەخلاقتا بولغانلىرىڭلاردۇر. (تىرمىزى رىۋايىتى 1162 ـ ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن بىرەيلەن ئايالىنى (جاھىلىيەتتىكى كىشىلەر قۇلنى ئۇرغاندەك ئۇرمىسۇن.» (بۇخارى 4908)

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغرىق ئايالى ئۈچۈن پۇچىلىنىشى

ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەقىيدىن قايتىپ كەلگەندە مېنىڭ بېشىم ئاغرىپ قالغانتى، ۋاي بېشىم دەپ ياتسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىرىپ: ئى ئائىشە سىنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ بېشىم ئاغرىسۇن دېگەن. (ئىبنى ماجە رىۋايىتى 1465 ـ ھەدىس)

## ئىسلامدا شەھىدلىك ئىنتايىن يۇقىرى مەرتىۋە بولۇپ، شەھىدكە جەننەتنىڭ ئەڭ ئۈستىنى بېرىلىدۇ. ئىسلام تۇغۇتتا ۋاپات بولغان مۇسۇلمان ئايالغا مانا مۇشۇ يۇقىرى مەرتىۋىنى بەرگەن

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:«تۇغۇتتا ۋاپات بولغان (مۆمىنە) ئايال شەھىدتۇر.» (مالىك، ئەھمەد، ئىبنى ماجە، نەسائىي، ئەبۇ داۋۇد؛ سەھىھۇلجامى 2096)

## ئىسلامدا تۇل ئاياللارغا غەرەزسىز ياخشىلىق قىلىشنى ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان مۇجاھىد بىلەن تەڭ قاتاردا تىزغان

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «تۇل ئاياللارغا ۋە غېرىپ ـ مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىپ، ھالىدىن خەۋەر ئالغۇچى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان مۇجاھىدقا ئوخشاش.»(تەبرانى ئەلئەۋسەت؛ ئەلبانى سەھىھۇل جامئ 1476)

## ئىسلامدا باشقا دىنلاردىكىدەك ھەيزدار ئايال ئېرى تەرىپىدىن پەس كۆرۈلمەيدۇ ۋە يەكلەنمەيدۇ

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: يەھۇدىيلار ئايالى ھەيزدار بولسا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ يەپ ئىچمەيتتى. بۇ ۋەجىدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:«(ھەيزدار ئايال بىلەن) جىنسىي مۇناسىۋەتتىن باشقا ھەممە ئىشنى قىلىڭلار.» (مۇسلىم؛ بۇلۇغۇلمەرام141)

## ئىسلامدا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان، تۇرمىگە كىرىپ قالغان ئاياللارنى قۇتقۇزۇش جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىدىغان كاتتا ساۋابلىق ئەمەل قىلىپ بەلگىلەنگەن

كەئب ئىبنى مۇررە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مۇنداق دېگەن:«باشقا ئايالنى ئازاد قىلغان (ھەر قانداق) مۇسۇلمان ئايال، قىيامەت كۈنى ئوتتىن ئازاد قىلىنىدۇ.»(ئەبۇ داۋۇد؛ بۇلۇغۇل مەرام 1464)

## ئىسلامدا ئايال كىشىنىڭ يولدىشىنىڭ مال ـ مۈلكىنى يولدىشىنىڭ رۇخسەتسىز ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىسمۇ، ئايال كىشىگە ساۋاب بېرىلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئايال كىشى ئېرىنىڭ رۇخسەتسىز ئۇنىڭ مال مۈلكىدىن سەدىقە قىلسا، ئېرى ئېرىشكەن ساۋابنىڭ يېرىمىغا ئېرىشىدۇ.»(بۇخارى 2066)

## ئىسلام جەڭدە دۈشمەنگە تەۋە ئاياللارنى ۋە باللارنى ئۆلتۈرۈلۈشنى چەكلەيدۇ

ئىسلام مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ھىمايە قىلىپلا قالماي، مۇسۇلمان بولمىغان، ھەتتا دۈشمەن قەۋمنىڭ قىز ـ ئاياللىرىنىڭ جېنىغا زىيان سېلىشنىمۇ چەكلىگەن.

سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم بىر غازاتتا بىر ئايالنى ئۆلتۈرۈلگەن ھالەتتە كۆرۈپ، ئاياللار بىلەن باللارنى ئۆلتۈرۈشتىن توستى.(بۇخارى3014)

## ئىسلامدا ئاياللىرىنىڭ ئارىسىدا ئادالەتلىك بولمىغۇچىغا قاتتىق ئېغىر تەھدىت بار

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مۇنداق دېگەن:«بىر ئەر كىشىنىڭ ئىككى ئايالى بولۇپ، ئىككى ئايالى ئارىسىدا ئادىللىق قىلمىسا، قىيامەت كۈنى يېرىمى يوق ھالەتتە كېلىدۇ.»(تىرمىزى، ھاكىم؛ سەھىھۇلجامى 761)

## ئىسلامدا پەرزەنتى ۋاپات بولۇپ كەتكەن مۇسۇلمان ئايالغا كاتتا خۇش خەۋەر بېرىلگەن

ئىسلام ئەرلەرنى تۇغۇمچان ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىشكە بۇيرۇغان بولۇپ، ئىسلام ئۆلىمالىرى «كىشى ئۆيلەنمەكچى بولغان ئايال كىشىنىڭ تۇغۇمچان ياكى ئەمەسلىكى ئۇ ئايالنىڭ ئانىسى، ئاچا ـ سىڭلىرى، ھاممىلىرى قاتارلىقلارنىڭ تۇغۇمچاي ياكى ئەمەسلىكىگە، يەنى نەچچە بالا تۇغقانلىقىغا قاراپ بىلەلەيدۇ» دېگەن. ئىسلام نەسلىنى ئاۋۇتۇش كۈچەپ تەرغىپ قىلىنغان بولۇپ، نەسلىنىڭ ئاۋۇشى مىللەتنىڭ كۈچىيىشىدىكى، يوقاپ كېتىشتىن ياكى سانىنىڭ ئاز بولۇشى سەۋەبلىك خارلىققا قېلىشتىن ساقلىنىپ قېلىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئامىللاردىن بىرىدۇر. ناۋادا ئايال كىشىنىڭ باللىرى ئۆلۈپ كەتسە، بۇ مۇسىبەت ئانا بولغۇچى ئۈچۈن ھاياتىدىكى ئەڭ ئېغىر مۇسىبەتتۇر. پەرزەنتنى جاپا تارتىپ قورساق كۆتۈرۈپ، ئاچچىق تولغاق يەپ، ملك ئۆلۈپ ملك تىرىلىپ تۇغقان ئايال ئۆز يۈرەك پارىسىدىن ئايرىلىپ قالسا، بۇ ھال ئۇنىڭ

ئۆچۈن ئۆلۈمدىنمۇ بەتتەردۇر. مېھرىبان ئاللاھ پەيغەمبىرىمىزنىڭ تىلى بىلەن بۇنداق مۇسۇلمان ئاياللارغا تەسەللىي بېرىپ، ئۇلارنىڭ تارتقان ئازابى ۋە زىيىنىنىڭ بەدىلىگە ئۇلارنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدىغانلىقى پەيغەمبىرىمىزنىڭ تىلى ئارقىلىق خەۋەر بەرگەن.

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مۇنداق دېگەن:«قايسى بىر (مۆمىنە) ئايالنىڭ ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتسە، بۇ بالىلار قىيامەت كۈنى ئۇ ئايال ئۈچۈن دوزاختىن پەردە بولىدۇ.»(بۇخارى؛ ئەلبانى سەھىھۇل جامىئى 2706)

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم «كىمكى ئۈچ پەرزەنتىدىن (ئايرىلىپ قالغىنى ئۈچۈن) ساۋاب ئۈمىد قىلسا، ئاللاھ ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ» دېدى. بىر ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ «ئىككى پەرزەنتىدىن ساۋاب ئۈمىد قىلسىچۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم «ئىككى پەرزەنتىدىن (ئايرىلىپ قالغىنىغا ساۋاب ئۈمىد قىلسىمۇ)» دېدى. ئۇ ئايال مۇنداق دەيدۇ: مەن «بىر پەرزەنتىدىن (ئايرىلىپ قالسىچۇ)» دەپ سوراشنى ئۈمىد قىلىپ كەتتىم. (نەسائىي 1872)

## ئىسلامدىكى پەرزلەرنى ئادا قىلغان، ئىپپىتىنى ساقلىغان ئايالغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلگەن

ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مۇنداق دېگەن:«ئەگەر بىر ئايال بەش ۋاخ نامىزىنى كامىل ئوقۇسا، رامىزان روزىسىنى تۇتسا، ئىپپىتىنى ساقلىسا، ئېرىگە ئىتائەت قىلسا، ئۇ ھالدا (قىيامەتتە) پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: ‹جەننەتنىڭ خالىغان ئىشىكىدىن جەننەتكە كىرىۋېلىڭ› دەيدۇ.»(مۇسنەد ئىمام ئەھمەد 1664)

## ئىسلامدا مەيلى توي قىلمىغان قىز بولسۇن، ياكى توي قىلىپ ئاجراشقا چوكان بولسۇن، ئۇلارنى ئۇلارنىڭ رازىلىقىسىز ئەرگە بېرىۋېتىش چەكلەنگەن

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم:«چوكاننىڭ مەسلىھەتى ئېلىنمىغۇچە ئۇنى نىكاھلاشقا بولمايدۇ. توي قىلمىغان قىزنىڭ رازىلىقى ئېلىنمىغۇچە ئۇنى نىكاھلاشقا بولمايدۇ» دېدى. ساھابىلەر «توي قىلمىغان قىزنىڭ رازىلىقى قانداق بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم «ئۇنىڭ رازىلىقى سۈكۈت قىلىشىدۇر» دېدى. (بۇخارى 6970)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مۇنداق دېگەن:«توي قىلىپ باقمىغان قىزنىڭ رازىلىقىسىز نىكاھى قىلىنمايدۇ؛ چوكانغا مەسلىھەت سېلىنماستىن نىكاھى قىلىنمايدۇ.»(بۇخارى 6969)

## ئىسلامدا قىز ـ ئاياللارنى ئۇلار خالىمايدىغان، كۆڭلى تارتمايدىغان كىشىلەرگە ياتلىق قىلىشنى چەكلەيدۇ

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:«ياش قىزلارنى كۆرۈمسىز ۋە بويى پاكار ئەرلەرگە زورلىماڭلار. چۈنكى، (سىلەر ئاياللىرىڭلارنىڭ گۈزەل بولۇشىنى ياقتۇرغىنىڭلاردەك) ئۇلارمۇ ئېرىنىڭمۇ مۇشۇنداق بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ.» (مۇسەننەف ئىبنى ئەبى شەيبە، 17962 ـ نومۇر)

ئىسلامدا بويتاق قىز ـ ئاياللارنى زورلاپ ياتلىق قىلىش ھارام ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىر دادا ياكى قىزغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى كىشى قىزنىڭ رازىلىقىسىز ئۇنى ھەر قانداق بىر ئەرگە نىكاھلاپ بەرگەن بولسا، قىزنىڭ مۇتلەق رەۋىشتە بۇنداق نىكاھنى بۇزۇۋېتىش ھوقۇقى بولىدۇ.

## ئىسلامدا قىز پەرزەنتنى ياخشى بېقىپ چوڭ قىلىشنىڭ مۇكاپاتى

ئىسلام كېلىشتىن ئاۋۋال مەيلى ئەرەپلەردە بولسۇن، مەيلى باشقا مىللەتلەردە بولسۇن قىز ـ ئاياللارنى تۆۋەن كۆرۈش ئادىتى ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت ئىدى. ئەرەپ جەمئىيىتىدە باشقا جاھىلىيەت جەمئىيەتلىرىدىكىگە ئوخشاشلا ئائىلى قىز تۇغسا ئەر كىشى بۇنى ئۆزى ئۈچۈن خورلۇق دەپ قاراپتتى ۋە غەزەپناك بولاتتى. ئاللاھ بۇ ھەقتە قۇرئاندا مۇنداق دېگەن: {ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرىگە مەرھەمەتلىك اللّٰه قا مەسەل قىلغان نەرسە (يەنى قىز بالا) بىلەن بېشارەت بېرىلسە (يەنى خوتۇنىنىڭ قىز تۇغقانلىقى خەۋەر قىلىنسا)، قايغۇغا چۆمگەن ھالدا ئۇنىڭ يۈزى قارىداپ كېتىدۇ.} (سۈرە زۇخرۇف، 17 ـ ئايەت) يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:{ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە (خوتۇنىنىڭ) قىز تۇغقانلىق خوش خەۋىرى يەتكۈزۈلسە، چىرايى ئۆزگىرىپ، غەزەپناك بولۇپ كېتىدۇ.} (سۈرە نەھل، 58 ـ ئايەت)

ئەرەپ جەمئىيىتىدە ھەتتا ئىش شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئىدىكى، ئائىلى قىز تۇغسا، قىز بوۋاقنى تىرىك كۆمۈۋېتىدىغان ئەھۋال كەڭ ئەۋج ئالغان ئىدى، ئاللاھ قىيامەت كۈنى تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىزدىن ئۇ ئۆچرىغا زۇلۇم ھەققىدە سورىلىدىغانلىقىنى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: {تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىزدىن سەن قايسى گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلدۈڭ؟ دەپ سورالغان چاغدا} (سۈرە تەكۋىر، 9 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:«كىمنىڭ ئۈچ قىزى بولسا، قىزنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەكنى قىلىپ بېرىشتە سەبىرچان بولسا، بۇ قىزلار قىيامەت كۈنى ئۇنى دوزاخ ئوتىدىن قوغداپ قالىدۇ.» (ئىبنى ماجە 3669 ـ نومۇرلۇق ھەدىس)

## ئىسلامدا ئاچا ـ سىڭلىسىغا ياخشى قارىغان ئەر كىشىگە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلگەن

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمنىڭ ئۈچ قىزى ياكى ئۈچ ئاچا ـ سىڭلىسى بولسا، ۋەياكى ئىككى قىزى ياكى ئىككى ئاچا ـ سىڭلىسى بولسا، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلسا، ئۇلار ھەققىدە ئاللاھتىن قورقسا، بۇنداق كىشى جەننەتكە كىرىدۇ.» (سەھىھ ئىبنى ھىببان 2\190)

## ئىسلام جاھىلىيەت دىنلىرىنىڭ ئەكسىچە، ئاياللارغا مىراس ئايرىشنى بەلگىلىگەن

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دېگەن: جاھىلىيەتتە كىشىلەر كىچىك بالىغا ياكى ئايال كىشىگە مىراس بەرمەيتتى. <مىراس دېگەن پەقەتلا ئات ئۈستىدە قىلىچ بىلەن جەڭ قىلالايدىغان ۋە غەنىيمەت ئالالايدىغان ئەرلەر ئۈچۈندۇر> دېيىشەتتى. (قۇرتۇبى تەپسىرى 5\51) ئىسلامدا بولسا ئاياللارنىڭمۇ تېگىشلىك مىراس ئېلىش ھوقۇقى بەلگىلەندى. بەزىلەر، ئىسلامدا نېمىشقا ئايال كىشى ئەر كىشى ئالغان مىراسنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ، دېيىشىدۇ. ئەسلىدە، ئىسلامدا ئايال كىشى دائىملا ئەر كىشى ئالغان مىراسنىڭ يېرىمىنى ئالمايدۇ. مەسىلەن، بىر قىزنىڭ دادىسى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئاكا ئىنىلىرىمۇ بولسا، بۇ دادىدىن ئۇ قىزغا ۋە ئاكا ئىنىلىرىگىمۇ تېگىشلىك مىراس ئايرىلىدىغان بولۇپ، بۇ ھالەتتە قىزغا ئايرىلغان مىراس، قىزنىڭ تاغىلىرىغا ئايرىلغان مىراستىن كۆپ بولىدۇ. ئەمدى، بۇ قىزنىڭ ئاكىسى ياكى ئىنىسى بولسا، ئۇنىڭغا ئايرىلىدىن مىراس بىر تۇغقان ئاكا ـ ئىنىلىرىغا ئايرىلىدىغان مىراسنىڭ يېرىمىدۇر. بۇنىڭ سەۋەبى، ئىسلامدا ئەرلەرنىڭ ئائىلىسىنى، بالىلىرىنى، ئايالىنى، ئانىسىنى ۋە ئاچا ـ سىڭلىسىنى بېقىش مەجبۇرىيىتى بار، ئەمما ئايال كىشىنىڭ مەيلى ئېرىنى، مەيلى دادىسىنى، مەيلى ئاكا ـ ئۇكىلىرىنى خىراجەت قىلىپ بېقىش مەجبۇرىيتى يوق. ئىسلامنىڭ ئائىلە تۈزۈمىدە ئەر كىشىگە يۈكلەنگەن يۈك ئايال كىشىگە يۈكلەنگەن يۈكتىن كۆپ ئۈستۈندۇر، بۇمۇ ئوخشاشلا ئاياللارنى ئاسراپ، كۆيىنىپ، ئۇلارغا ئېغىر يۈك ئارتىشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىدىن بەلگىلەنگەن ھۆكۈمدۇر. بۇنداق بولغان ئىكەن، تەبئىي رەۋىشتىلا ئەر كىشىگە لازىم بولىدىغان ئىقتىساد ئايال كىشىگە لازىم بولىدىغان ئىقتىسادتىن كۆپ ئۈستۈن بولىدۇ. ئىسلامدا ئايال كىشى مەيلى ئۆزىنى، مەيلى باشقا ھېچكىمنى ئىشلەپ تېپىپ بېقىش مەجبۇرىيىتى يوق، دەپ بەلگىلەنگەنلىكتىن، ئايال كىشىنىڭ ئائىلىنىڭ چىقىملىرىنى قىلىش، پەرزەنتلەرنىڭ ۋە ئۆزىگە كىشىلەرنىڭ چىقىملىرىنى قىلىش دەيدىغان ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس. ئەر كىشى بولسا تۈرلۈك جاي ۋە كىشىلەرگە پۇل ـ مال سەرپ قىلىپ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى پەرز. بۇ سەۋەبلىك، ئاللاھ ئوخشاش دەرىجىدىكى ئەر ۋە ئايالغا مىراس ئايرىغاندا، ئاياللارغا ئەرلەرگە بېرىلىدىغان مىراسنىڭ يېرىمىنى بېرىشنى بەلگىلىگەن. بۇ ئىسلامنىڭ ئاياللارنى تۆۋەن كۆرگىنى ئەمەس، ئەر ۋە ئاياللارنىڭ مەجبۇرىيىتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ شارائىتىغا يارىشا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقارغانلىقى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خۇددى، بىر ئائىلىدە ئىككى پەرزەنت بولۇپ، چوڭ ئوغۇل 20 ياشتا، كىچىكى قىز بەش ياشتا بولسا، سەپەرگە ماڭغان دادىنىڭ ئۆيگە خىراجەت قىل دەپ ئوغلىغا ئون مىڭ سوم بېرىپ، قىزىغا بەش ئون سوم بېرىپ سەپەرگە چىقىپ كەتكەنلىكىگە ئوخشايدۇ. ئەقلى جايىدا ھېچقانداق ئادەم، بۇ دادىنى ئادالەتسىز، زالىم دادا دېمەيدۇ.

## ئىسلامدا ئەرنىڭ ئايالغا كۆپلەپ ياخشىلىق قىلىشى تەشۋىق قىلىنغان

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مۇنداق دېگەن:((إذا سقى الرجل امرأته الماءَ أجر))«ئەر كىشى ئايالغا سۇ ئىچكۈزسىمۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ساۋابقا ئېرىشىدۇ.»(سەھىھ جامىئۇس سەغىر 602، سەھىھ)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مۇنداق دېگەن: «مېنى ئاجىزلاردىن ئىزدەڭلار. چۈنكى، سىلەر پەقەتلا ئاجىزلىرىڭلار سەۋەبلىك رىزىقلاندۇرۇلىسىلەر ۋە ياردەمگە ئېرىشىسىلەر.» (سەھىھ ئەبۇ داۋۇد 2594؛ تىرمىزى 1702؛ سەھىھ مۇسنەد ئەھمەد 1044)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مۇنداق دېگەن:«مەن سىلەرگە يېتىملەر ۋە ئاياللاردىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك ئاجىزلارنىڭ ھەققىنى يېيىشنى ھارام قىلىمەن.» (ئەلبانى ـ سەھىھ جامىئۇس سەغىر، 2447)

## ئىسلامدا ئەر كىشى ئائىلىدە ئايالىغا ياردەملىشىپ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىشى تەرغىپ قىلىنغان

ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىدە قىلىدىغان ئىشلىرى توغرىسىدا سورالغاندا: ئاياللىرىنىڭ ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى، ناماز ۋاقتى بولغاندا نامازغا چىقىپ كېتەتتى دېگەن. (بۇخارىي رىۋايىتى 676 ـ ھەدىس)

يۇقىرىقى ھەدىستىن، ئىسلام ئۆلىمالىرى ئەر كىشىنىڭ ئائىلىدە ئايالىغا ياردەملىشىپ سۈننەت دەپ ھۆكۈم چىقارغان.

## ئىسلامدا ئەر كىشىنىڭ بۇزۇپ چېچىشتىن، كۆز ـ كۆز قىلىشتىن خالىي ھالدا ئايالى ئۈچۈن پۇل ـ مال سەرپ قىلىشى ئۈستۈن ساۋابلىق ئەمەل دەپ قارىلىدۇ

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مۇنداق دېگەن ئىدى: «سەن ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغان بىر دىنار، قۇل ئازاد قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان بىر دىنار، پېقىرغا سەدىقە قىلغان بىر دىنار، ئايالىڭ ئۈچۈن سەرپ قىلغان بىر دىنار قاتارلىقلار چىقىملىرىڭ ئىچىدە، ساۋابى ئەڭ چوڭ بولغىنى كىشىنىڭ ئايالىغا سەرپ قىلغان بىر دىناردۇر.» (مۇسلىم 692\2)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلغان ھەر بىر خىراجىتىڭ ئۈچۈن ساۋابقا ئېرىشىسەن، ھەتتا ئايالىڭنىڭ ئاغزىغا سالغان لوقما ئۈچۈنمۇ ساۋاب تاپىسەن» (بۇخارى 2742؛ مۇسلىم 1628؛ ئەبۇ داۋۇد 2864؛ مۇسنەد ئىمام ئەھمەد 63\3؛ سەھىھ ئىبنى ھىببان 7261؛ رىيازۇس سالىھىن6)

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ۋىدالىشىش ھەججىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان:«ئاياللار جەھەتتە ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئۇلار سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىكى ئەسىرلەرگە ئوخشاشتۇر. ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئامانىتى سۈپىتىدە ئالدىڭلار، ئاللاھنىڭ كەلىمىسى بىلەن ئۇلارنى ئۆزۈڭلارغا ھالال قىلدىڭلار. ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تەل قىلىپ بېرىشىڭلار ئۇلارنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققىدۇر.» (183\8)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلغان ھەر بىر خىراجىتىڭ ئۈچۈن ساۋابقا ئېرىشىسەن، ھەتتا ئايالىڭنىڭ ئاغزىغا سالغان لوقما ئۈچۈنمۇ ساۋاب تاپىسەن.» (بۇخارى 2742؛ مۇسلىم 1628؛ ئەبۇ داۋۇد 2864؛ مۇسنەد ئىمام ئەھمەد 63\3؛ ئىبنى ھىببان 7261؛ رىيازۇس سالىھىن 6)

## ئىسلامدا ئايال بالا ـ چاقىسىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن ئىشلەشنى ۋە چىقىم قىلىشنى بۈيۈك ئىبادەت دەپ قارىلىدۇ

سەلەپنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك مۇنداق دېگەن: مۆمىن كىشىگە نىسبەتەن ئائىلە بالا ـ چاقىسىغا خىراجەت قىلىش ئۈچۈن پۇل تېپىشتىنمۇ ساۋابلىقراق ئىش يوق، ئاللاھ يولىدىكى خالىس جىھادمۇ ساۋابتا بۇنىڭغا تەڭ ئەمەس. (زەھەبى، سىيەر ئەئلام نۇبەلا، 8\399)

## ئىسلام ئىپپەتلىك ئايالغا بۆھتان چاپلاشنى يەتتە چوڭ گۇناھنىڭ بىرى دەپ بېكىتكەن

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ھەدىس نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «ھالاك قىلغۇچى يەتتە خىل گۇناھتىن ساقلىنىڭلار» دېۋىدى ساھابىلەر «ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ئۇلار قايسى گۇناھلاردۇر؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى:«(ئۇلار) (1) ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، (2) سېھىرگەرلىك (داخانلىق، باخشىلىق، ئىسسىتقۇ ـ سوۋۇتقۇ) قىلىش، (3) ئاللاھ ھارام قىلغان جاننى ھەقسىز ئۆلتۈرۈش، (4)جازانە يېيىش، (5) يېتىمنىڭ مېلىنى يېيىش، (6) ئۇرۇش مەيدانىدىن قېچىش؛ (7) ئىپپەتلىك، مۆمىنە ئاياللارغا زىنا بىلەن بۆھتان چاپلاش.»(بۇخارى 2560؛ مۇسلىم 129)

## ئىسلامدا پېشقەدەم ۋە شەرەپلىك ئاياللارغا ئاھانەت قىلىپ، ئۇلارنى رەنجىتكۈچى شەخس ئىسلامىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئېغىر جازالىنىدۇ

ئەبۇ ۋائىلدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: كىشىلەردىن بىرى (مەشھۇر ئايال ساھابە) ئۇممۇ سۇلەيمگە ئۇنىڭدىكى ئېلىشى توغرۇلۇق ئۇنى رەنجىتىدىغان تىللار بىلەن مەكتۇپ يازدى. (بۇ ئىش ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە يۈز بەرگەن ئىدى.) بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مەكتۇپ يازغۇچىنى جازا سۈپىتىدە ئوتتۇز قامچا ئۇرۇشنى بۇيرۇدى. سەپداشلىرىمىزدىن بىرى بۇ ئوتتۇز قامچىنىڭ ھەر بىرىدە مەكتۇپ يازغۇچىنىڭ تېرىسىنى يېرىپ قاناتقۇدەك دەرىجىدە شىددەتلىك ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. (مۇسەننەف ئىبنى ئەبى شەيبە، 2974)



# چوڭ مېڭىنىڭ ئەسنى ياخشىلاش فۇنكسىيىسى

# چوڭ مېڭىنى «ئىشتىن توختىتىش» ئارقىلىق ئەسنى ياخشىلاش

دېيۋىد روبسون

بىز ناتونۇش مەزمۇنلارنى ئەستە ساقلاشقا ئۇرۇنغاندا، تەبىئىي هالدا «قانچە كۆپ زېهن ئاجراتسام، شۇنچە بەك ئېسىمدە ساقلىيالايمەن» دەپ ئويلايمىز. هالبۇكى، سىزگە لازىمى ئارىلاپ-ئارىلاپ دەم ئېلىش — مەسىلەن، چىراغ خىرە يورۇتۇلغان مۇهىتتا، 10~15 مىنۇت هېچنېمە قىلماستىن، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇش — بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق قىلسىڭىز يېڭى ئۆگەنگەن نەرسىلەرنى ئەستە ساقلاش جەهەتتە، ئۇلارنى ئەستە تۇتۇۋېلىشقا زورۇققانغا قارىغاندا، بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكىنى بايقايسىز.

ھەممىگە مەلۇمكى، بىز ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىمىزنىڭ رىتىمىنى تەڭشەشكە موهتاج. هالبۇكى، ئەڭ يېڭى تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، بىز بۇ خىل قىسقا دەم ئېلىش مەزگىلىدە «ئەڭ تۆۋەن چەكتە دەخلىگە ئۇچراش»قا كاپالەتلىك قىلىشىمىز، يەنى «خاتىرە شەكىللىنىش»تىن ئىبارەت بۇ نازۇك ۋەزىپىگە دەخلى يەتكۈزۈشى مۇمكىن بولغان باشقا هەرقانداق پائالىيەتلەردىن ساقلىنىشىمىز كېرەك ئىكەن. شۇ ۋەجىدىن، بۇ جەرياندا ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارنى قىلماڭ، ئېلخەتلەرگە قارىماڭ، ئەقلىيفوندا تورغىمۇ چىقماڭ. چۈنكى، مېڭىڭىز تەلتۆكۈس ئارام ئالىدىغان ۋاقىتقا موهتاج بولغاچقا، بۇ جەرياندا دىققەتنى چاچىدىغان هەرقانداق پائالىيەت بولماسلىقى كېرەك.

«هېچقانداق ئىش قىلماسلىق»نىڭ بۇنچە ياخشى باهانىسى هورۇن ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن مۇكەممەل ئەستە ساقلاش تاكتىكىسى هېسابلىنىشى مۇمكىن. هالبۇكى، مەزكۇر بايقاش خاتىرىسىنى يوقاتقان ياكى مۇئەييەن شەكىلدىكى دېۋەڭلىك كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ ئەهۋالىنىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ياخشىلىيالىشى مۇمكىن. ئۆز نۆۋىتىدە، ئۇ يەنە يوشۇرۇن، ئۆتمۈشتە بايقالمىغان، ئۆگىنىش ۋە ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىنى قېزىش جەهەتتە تامامەن يېڭىچە ئۇسۇلنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

1900-يىلى گېرمانىيەلىك پسىخولوگ جورج ئېلياس مۇلېر (Georg Elias Muller) ۋە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئالفونس پىلزېكېر (Alfons Pilzecker) تۇنجى بولۇپ «دەخلىسىز دەم ئېلىش»نىڭ ئەسنى ياخشىلاشقا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى بايقىغان ۋە خاتىرىلىگەنىدى. ئۇلار ئەسنى ياخشىلاشقا ئالاقىدار نۇرغۇن تەجرىبە ئىشلىگەن. بىر قېتىم، مۇلېر ۋە پىلزېكېر بىر گۇرۇپپا تەجرىبە ئىشتىراكچىلىرىدىن مەنىسىز بوغۇم جەدۋىلىنى ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلغان. ئازغىنە ۋاقىتلىق ئۆگىنىشتىن كېيىن، مەزكۇر گۇرۇپپىدىكى ئىشتىراكچىلارنىڭ يېرىمى دەرھال ئىككىنچى جەدۋەلدىكى مەزمۇننى ئۆگىنىشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، قالغان يېرىمى بولسا ئالتە مىنۇت دەم ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆگىنىشنى باشلىغان.

بىر يېرىم سائەتلىك سىناقتىن كېيىن، بۇ ئىككى تۈپتىكى ئىشتىراكچىلارنىڭ ئەستە ساقلاش ئەندىزىسىدە ھەيران قالارلىق پەرق كۆرۈلگەن. ئالتە مىنۇت دەم ئالغان ئىشتىراكچىلار بوغۇم جەدۋىلىدىكى ئەللىك پىرسەنتكە يېقىن مەزمۇننى ئەستە تۇتۇۋالغان. دەم ئالمىغان ئىشتىراكچىلار بولسا پەقەت 28 پىرسەنت مەزمۇننىلا ئەستە تۇتالىغان. بۇ بايقاش شۇنى كۆرسىتىدۇكى، بىزنىڭ يېڭى ئۇچۇرغا بولغان خاتىرىمىز مەزكۇر ئۇچۇر تۇنجى قېتىم كودلانغان چاغدا تولىمۇ ئاجىز بولىدۇ ۋە تېخىمۇ ئاسانلا يېڭى ئۇچۇرنىڭ دەخلىسىگە ئۇچرايدۇ.

گەرچە باشقا پىسخولوگلارمۇ مەزكۇر بايقاشقا دىققىتىنى ئاغدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن تاكى 21 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە ئېدىنبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى سىرگىيو دېللا سالا (Sergio Della Sala) ۋە مىسورى ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى نېلسون كوۋان (Nelson Cowan) ئېچىش خاراكتېرلىك تەتقىقاتنى باشلىغاندا، ئۇنىڭ كەڭ كۆلەملىك تەسىرى ئاندىن كىشىلەر تەرىپىدىن بىلىنىشكە باشلىدى.

دېللا سالا بىلەن كوۋان قىزىققان تەتقىقات نۇقتىسى «دىققەتنى چېچىلىشنى ئازايتقان تەقدىردە، سەكتە قاتارلىق نېرۋا ئاجىزلىقىغا گىرىپتار بولغان بىمارلارنىڭ ئېسىنى ياخشىلىغىلى بولامدۇ؟» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار مۇلېر بىلەن پىلزېكېرنىڭكىگە ئوخشاش تەتقىقات ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، ئىشتىراكچىلارغا 15 سۆزدىن تەركىب تاپقان سۆزلۈك جەدۋىلى تارقىتىپ، ئاردىن ئون مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن شۇ خۇسۇستا سىناق ئېلىپ بارغان. بىر گۇرۇپپا تەجرىبىلەردە، ئىشتىراكچىلار داۋاملىق تۆردە بەزى تېپىك تونۇش سىناقلىرىغا قاتناشتۇرۇلغان؛ يەنە بىر گۇرۇپپا تەجرىبىلەردە بولسا، ئىشتىراكچىلارنىڭ غۇۋا بىر ئۆيدە ئارام ئېلىشى، ئەمما ئۇخلاپ قالماسلىقى تەلەپ قىلىنغان.

نەتىجىدە، بۇ خىل قىسقا مۇددەتلىك دەم ئېلىشنىڭ تەسىرى بارلىق كىشىلەرنىڭ ئىلگىرىكى تونۇشىدىن ئېشىپ كەتكەن. گەرچە، ئىشتىراكچىلار ئارىسىدىكى ئىككى نەپەر ئەڭ ئېغىر ئۇنۇتقاقلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىدا ھېچقانداق ياخشىلىنىش كۆرۈلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن باشقا بىمارلار يادلىيالىغان سۆزلۈكنىڭ مىقدارى 14 پىرسەنتتىن 49 پىرسەنتكە چىقىپ، ئۈچ ھەسسە ئاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېسى نېرۋىسى ئەزەلدىن زەخىمگە ئۇچراپ باقمىغان ساغلام كىشىلەرنىڭ سەۋىيەسىگە قايتقان.

شۇنىڭدىن كېيىنكى نەتىجە كىشىلەرنى تېخىمۇ بەك ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغان. ئىشتىراكچىلاردىن بەزى ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ، بىر سائەتتىن كېيىن شۇنىڭغا ئالاقىدار سوئاللارغا جاۋاب بېرىش تەلەپ قىلىنغان. ئارىلىقتا ئارام ئالمىغان ئىشتىراكچىلار ھېكايىدىكى ۋەقەلىكلەرنىڭ پەقەت يەتتە پىرسەنتىنىلا ئەسلىيەلىگەن؛ ئارىلىقتا ئارام ئالغان ئىشتىراكچىلار بولسا ھېكايىدىكى ۋەقەلىكلەرنىڭ 79 پىرسەنتىنى ئەسلىيەلىگەن، يەنى ئۇلارنىڭ ئېسى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە 11 ھەسسە ياخشىلانغان. تەتقىقاتچىلار يەنە شۇنى بايقىغانكى، گەرچە بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ساغلام كىشىلەرگە بولغان ئۈنۈمى ئۇنچە كۆرۈنەرلىك بولمىسىمۇ، يەنىلا ئوخشاش تەرزدە ئۈنۈمى كۆرۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېچىدىكى ئارىلىقتا ئارام ئالغانلارنىڭ ئېسى ئون پىرسەنتتىن ئوتتۇز پىرسەنتكىچە ياخشىلانغان.

دېللا سالا بىلەن كوۋاننىڭ ئوقۇغۇچىسى، هازىر هېرىيوت ۋات ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان مىكېيلا دېۋار (Michaela Dewar) نۆۋەتتە بىر قاتار ئىز قوغلاش تەتقىقاتلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن ئوخشىمىغان ئارقا كۆرۈنۈشتە تەكرار هالدا مەزكۇر بايقاشقا ئېرىشكەن. مىكېيلا دېۋارنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى مەزكۇر تەتقىقاتچىلار بۇ خىل قىسقا مۇددەتلىك ئارام ئېلىشنىڭ ساغلام ئىشتىراكچىلارنىڭ «بوشلۇق خاتىرىسى»نى ياخشىلىيالايدىغانلىقىنى؛ جۈملىدىن ئىشتىراكچىلارنىڭ مەۋھۇم رېئال مۇھىتتىكى ئوخشىمىغان يەر بەلگىلىرىنىڭ ئورنىنى ئەسلىشىگە ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىنى بايقىغان. پەۋقۇلئاددە مۇهىم بولغىنى شۇكى، بۇ خىل ئەۋزەللىك ئەسلىدىكى ئۆگىنىش ۋەزىپىسى تاماملانغاندىن كېيىن بىر هەپتىگىچە داۋاملاشقان، شۇنداقلا ياشلارغىمۇ، ياشانغانلارغىمۇ ئوخشاشلا ئۈنۈمىنى كۆرسەتكەن. تەتقىقاتچىلار يەنە بۇ ئۇسۇلنىڭ سەكتە بىمارلىرىدىن باشقا، ئالزىمېر كېسەللىكىنىڭ دەسلەپكى، يېنىكرەك باسقۇچلىرىدا تۇرۇۋاتقان كىشىلەرنىڭمۇ ئېسىنى ياخشىلىيالايدىغانلىقىنى بايقىغان.

مەزكۇر تەتقىقاتچىلار تۆرلۈك تەجرىبىلەرنىڭ هەممىسىدە ئىشتىراكچىلاردىن تېلېفون ياكى باشقا نەرسىلەرنىڭ دەخلىسىدىن خالىي هالدا، غۇۋا، تىنچ ئۆيدە ئولتۇرۇشنىلا تەلەپ قىلغان. «بىز ئۇلارغا ئاشۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە نېمىلەرنى قىلىش ياكى نېمىلەرنى قىلماسلىق توغرىسىدا هېچقانداق كونكرېت كۆرسەتمە بەرمىدۇق. لېكىن، تەجرىبە ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، كۆپىنچە ئىشتىراكچىلار خىيالىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەن» دەيدۇ دېۋار.

لېكىن، بىز يەنىلا بۇ قىسقىغىنە دەم ئېلىش جەريانىدا مېڭىمىزنى زىيادە ئىشلىتىۋېتىشتىن (مەسىلەن، بەك كۆپ خىيال قىلىشتىن) ساقلىنىشىمىز كېرەك. بىر تۆرلۈك تەتقىقاتتا، ئىشتىراكچىلاردىن دەم ئېلىش جەريانىدا ئۆتمۈشتىكى ياكى كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر ئىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەلەپ قىلىنغان. نەتىجىدە، بۇ ئۇلارنىڭ يېڭىدىن ئېگىلىگەن ئۇچۇرلار توغرىسىدىكى خاتىرىسىنى سۇسلاشتۇرۇۋەتكەن. شۇ ۋەجىدىن، بىز ئارىلىقتىكى دەم ئېلىش جەريانىدا زېهنىنى چارچىتىدىغان پائالىيەتلەردىن ساقلانساق ئاندىن كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈمگە ئېرىشەلىشىمىز مۇمكىن.

گەرچە كىشىلەرنىڭ «ئەس»كە بولغان تونۇشىنىڭ كونسېرى مۇكەممەللىشىشى يۈقىرىدىكى هادىسىنى چۈشىنىشنى بەزى يىپ ئۇچلىرى بىلەن تەمىنلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ هەقىقىي مېخانىزمى هېلىهەم ئېنىق ئەمەس. نۆۋەتتە، بۇ جەهەتتە كىشىلەر تەرىپىدىن ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلىنغان بىر خىل تونۇش شۇكى، ئەسلىمىنىڭ مەزمۇنى دەسلەپتە كودلانغاندىن كېيىن، بۇ ئەسلىمىلەر بىر مەزگىللىك پۇختىلىنىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ، چوڭ مېڭىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەستە ساقلىشى جەريانىدا خاتىرە مەزمۇنى مۇستەهكەملىنىدۇ. كىشىلەر ئۆتمۈشتە «بۇ خىل پائالىيەت ئاساسەن ئۇيقۇ جەريانىدا يۈز بېرىدۇ. بۇ جەريانىدا، خىپوكامپۇس (Hippocampus ـــ ئادەم ۋە ئومۇرتقىلىق هايۋانلارنىڭ مېڭىسىنىڭ مۇهىم بىر قىسمى بولۇپ، خاتىرە ئەڭ دەسلەپتە مۇشۇ يەردە شەكىللىنىدۇ) بىلەن چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتى ئارىسىدىكى ئالاقە كۈچىيىدۇ. مەزكۇر جەريان كېيىن ئەسلىمىلەرنى ئويغىتىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يېڭى نېرۋا ئۇلىنىشىنى شەكىللەندۈرۈشى ۋە كۈچەيتىشى مۇمكىن» دەپ قارىشاتتى.

كېچىدە كۆچۈپ يۈرگەن مەزكۇر نېرۋا پائالىيىتى نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ ئۇيقۇ ئالدىدىكى ئۆگىنىش ئۈنۈمىمىزنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئىزاھلىيالىشى مۇمكىن. لېكىن، نيۇيورك ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى لايلا داۋاچى (Lila Davachi) 2010-يىلىدىكى بىر تۈرلۈك تەتقىقاتتا بۇ خىل ئەھۋالنىڭ نوقۇل ھالدا ئۇيقۇ جەريانىدىلا يۈز بەرمەيدىغانلىقىنى، ئىنسانلار ئويغاق ھالەتتىمۇ بۇ خىل نېرۋا پائالىيىتى يۈز بېرىشى مۇمكىنلىكىنى بايقىدى. بۇ دېۋارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى بىلەن بىردەك ئىدى. دېۋارنىڭ تەتقىقاتىدا، ئىشتىراكچىلاردىن ئالدى بىلەن ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇلغان رەسىملەرنى يادلاش، يۈز قىسمى بىلەن مەلۇم بىر جىسمنى ياكى مەنزىرىنى ماسلاشتۇرۇش تەلەپ قىلىنغان. ئاندىن ئىشتىراكچىلار ياتقۇزۇلۇپ، مېڭىسى قىسقا مۇددەت ئارام ئالغۇزۇلغان. نەتىجىدە، دېۋار ئۆزىنىڭ كۈتكىنىدەك، ئۆگىنىش ئارىلىقىدىكى قىسقىغىنە دەم ئېلىش جەريانىدا خىپوكامپۇس بىلەن چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتى ئارىسىدىكى ئالاقىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى بايقىغان. پەۋقۇلئاددە مۇھىم بولغىنى، بۇ رايونلار ئارىسىدىكى باغلىنىشچانلىق روشەن كۈچەيگەن ئىشتىراكچىلار دەل تېخىمۇ كۆپ ۋەزىپىلەرنى ئېسىدە تۇتۇۋالغان كىشىلەر ئىدى.

بەلكىم مېڭە ھەرقانداق ئارام ئېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، يېڭىدىن تونۇغان نەرسىلەرگە بولغان خاتىرىسىنى مۇستەھكەملىشى؛ شۇنداقلا، بۇ ۋاقىتتا غىدىقلاشنى ئازايتىش مەزكۇر جەريانىنى تېخىمۇ راۋانلاشتۇرۇشى مۇمكىن. تەتقىقاتلاردىن شۇ نەرسە مەلۇمكى، نېرۋا زەخىملەنسە، مېڭە يېڭى شەيئىلەرنى ئۆگەنگەندىن كېيىن ناھايىتى ئاسان دەخلىگە ئۇچرايدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ قىسقىغىنە ئارام ئېلىشنىڭ سەكتە ۋە ئالزىمېر بىمارلىرىغا قارىتا ئالاھىدە ئۈنۈمگە ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ سەۋەبىدۇر.

باشقا پسىخولوگلارمۇ مەزكۇر تەتقىقاتقا ئىنتايىن قىزىقتى. يورك ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئايدان خورنېر (Aidan J Horner) شۇنداق دەيدۇ: «نۆۋەتتە بۇ خىل مېتودنىڭ خىلمۇخىل تەجرىبە ۋە ئەستە تۇتۇش ۋەزىپىلىرى تەتقىقاتىدىكى ئۈنۈمى زور دەرىجىدە بىردەكلىككە ئىگە. مەزكۇر تەتقىقات ئەستە تۇتۇش فۇنكسىيەسى توسالغۇغا ئۇچرىغان كىشىلەرگە ياردىمى تېگىدىغان يېڭى مېتود بىلەن تەمىنلىشى مۇمكىن.»

خورنېرنىڭ كۆرسىتىشىچە، يېتەرلىك دەرىجىدە ئارام ئېلىش ۋاقتى ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق بىمارلارنىڭ كۈندىلىك ئېسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشىلاش ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئىكەن. لېكىن، ئۇ «بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتلار بىمارلارنىڭ مۇھىم يېڭى ئۇچۇرلارنى ئۆگىنىشىگە، مەسىلەن يېڭى سېستىرالارنىڭ ئىسىم-فامىلىسى ۋە چىرايى ئالاھىدىلىكىنى ئەستە ساقلىۋېلىشىغا ياردەم قىلىش جەھەتتە يەنىلا ناھايىتى زور قىممەتكە ئىگە» دەپ قارايدىكەن. «بەلكىم ئويغاق ھالەتتىكى قىسقا مۇددەتلىك دەم ئېلىش بىمارلارنىڭ سېستىرالارنى تونۇۋېلىش ئېھتىماللىقىنى كۈچەيتىشى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ئازادە بولالىشىغا تۆرتكە بولۇشى مۇمكىن. دېۋار ماڭا: <بىر بىمار قىسقا مۇددەت ئارام ئېلىش ئۇسۇلىنىڭ پايدىسىنى كۆرۈپ، نەۋرىسىنىڭ ئىسمىنى يادىدا تۇتۇۋالغاندەك قىلىدۇ، لېكىن بۇ پاكىت ھېلىھەم كۆزىتىش باسقۇچىدا> دېدى» دەيدۇ خورنېر.

ئەنگلىيە نوتتىڭخام ترېنت ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى توماس باگۇلېيمۇ (Thomas Baguley) مەزكۇر بايقاشقا نىسبەتەن ئۇنچە ئۈمىدۋار پوزىتسىيەدە بولمىدى. ئۇنىڭ كۆرسىتىشىچە، بىر قىسىم ئالزىمېر بىمارلىرى بېسىمنى يەڭگىللىتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ساغلاملىق ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تەپەككۇر ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش مەشىقلىرىگە قاتنىشىشقا ئۈندەلمەكتە. باگۇلېي بۇ ھەقتە: «مەزكۇر مۇداخىلە تەدبىرلىرىنىڭ بىر قىسمى ئويغاق ھالەتتىكى ئارام ئېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشى مۇمكىن. مەزكۇر مۇداخىلىلەرنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىغا دەخلىلەرنىڭ ئازايغانلىقىنىڭ سەۋەب بولغان ـ بولمىغانلىقىنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. لېكىن، ئېغىر دەرىجىدىكى دېۋەڭلىك كېسىلى بىمارلىرىغا نىسبەتەن، بۇ خىل مۇداخىلە تەدبىرلىرىنى قوللىنىش بەسىي مۈشكۈل» دەيدۇ.

باگۇلېي بىلەن خورنېر بىردەك ھالدا «دىققەت چېچىلمىغان ھالدا قەرەللىك دەم ئېلىش بىمارلاردىكى كىلىنىكىلىق ياخشىلىنىشقا تۆرتكە بولۇپلا قالماستىن، ھەممىمىزنىڭ يېڭى مەزمۇنلارنى ئېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئەستە ساقلىشىمىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ» دەپ قارايدۇ.

ئۈچۈر ھەددىدىن زىيادە كۆپىيىپ كەتكەن بۇ دەۋردە، شۇنى ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەككى، قولىمىزدىكى ئەقلىيفونلارلا ئەمەس، بەلكى مېڭىمىزمۇ قەرەللىك ھالدا «توك قاچىلاپ» ئارام ئالدۇرۇلۇشقا موھتاجدۇر.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.bbc.com/ukchina/simp/vert_fut_43258880



# ئامېرىكانىڭ چېكىنىشى

نوئام چومسكى

# ئامېرىكانىڭ چۈكۈشى: سەۋەبلىرى ۋە نەتىجىسى

## نوئام چومسكى

تەرجىماندىن ئىلاۋە: كۆز ئالدىمىزدىكى قىل سىغماس رېئاللىق شۇكى، نۆۋەتتە مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشىلەر ئۆزى ياشاۋاتقان رەقەملىك تاراتقۇ دەۋرىنىڭ «شاراپىتى»دە، مۇئەييەن تېمىلاردا ئىلمىي رەۋىشتە ئىزدىنىشنىڭ ئورنىغا، ئالدىغا (كۆپىنچە ھاللاردا يانفونىنىڭ ئېكرانىغا) كەلگەن ئۇچۇرلارنى قارىقويۇق قوبۇل قىلىدىغان «پاسسىپ ئۇچۇر ئىگىلەش»كە ئادەتلەنەدى ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىكى، رەقەملىك خەۋەر سۇپىلىرىدىكى «ئۇچۇر بومباردىمانلىرى» سەۋەبلىك، ھەممىدىن خەۋەردار، ئەمما ئۆز نۆۋىتىدە ھېچقايسى ساھەنى چوڭقۇر چۈشەنمەيدىغان غەيرىي بىلەرمەنلەر توپى ئوتتۇرىغا چىقتى.

بۇنىڭغا قوشۇلۇپ، يەنە شۇ (يانفون ۋەكىللىكىدىكى) رەقەملىك ئۇچۇر ۋاستىلىرى ھەم ھاكىم كۈچلەرنى، ھەم ئاۋامنىڭ دىققىتىنى جەلب قىلىش ئارقىلىق نەپ ئۈندۈرۈش كويىدا يۈرىدىغان ئۇچۇر ھايانكەشلىرىنى ئۆزلىرى ئاۋامغا يەتكۈزۈشنى ئويلايدىغان ئۇچۇرلارنى بىمالال تارقىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى-دە، راۋرۇس ئىزدەنمىگەن، ئۆزىدە مول ئۇچۇر زاپىسى ۋە ئىلمىي نەزەرىيىۋى ئاساس ھازىرلىمىغان ھەرقانداق ئادەم «ئۆزى بىلىشنى خالىغاننى ئەمەس، بەلكى باشقىلار بىلدۈرۈشنى خالىغاننىلا بىلەلەيدىغان»؛ نەتىجىدە، يا «مەملىكەت خەۋەرلىرى» تىپىدىكى مىڭە يۇيۇش پروگراممىلىرىنىڭ ئاسارىتىدە قالىدىغان، يا «ئامېرىكا پۇقرالىرىنى مارسقا يۆتكىگەندىن كېيىن، يەرشارىنى ۋەيران قىلىۋەتمەكچى» تىپىدىكى ئاساسسىز سۇيىقەستچىلىك نەزەرىيەلىرىنىڭ ئەخلەتلىرىگە كۆمۈلۈپ قالىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى.

بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە، توغرا مەنبەدىن توغرا ئۇچۇر قوبۇل قىلىش تارىختىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن بەكرەك مۇھىم بولۇپ قالدى ۋە دەل مۇشۇ خىل ئېھتىياجنى ئازدۇر-كۆپتۇر قاندۇرار دېگەن ئۈمىدتە تۆۋەندىكى ماقالە تەييارلاندى.

مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاپتورى نوئام چومسكى دەل ئاشۇ خىل ھاكىم كۈچلەرنىڭ مىڭە يۇيۇش ئۇرۇنۇشلىرىغىمۇ يانتاياق بولمىغان، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن ئاساسسىز ئاجايىبات-غارايىباتلارنىمۇ بازارغا سالمىغان، مۇستەقىل مەۋقەگە ئىگە، ئۆز پىكرىنى دەلىل-پاكىتلار ئاساسىدا ئىلمىي رەۋىشتە ئوتتۇرىغا قويىغان نوپۇزلۇق تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن بىرىدۇر.

نوئام چومسكىنىڭ مەزكۇر ماقالىسىدىكى، «ئامېرىكا ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆزى دەۋا قىلغان دېموكراتىك پىرىنسىپلارغا زىت تۇتۇملىرى» (مەسىلەن، چىلىدىكى ۋە مىسىردىكى دېموكراتىك سايلام بىلەن ۋۇجۇدقا چىققان ھاكىمىيەتلەرنى ئاغدۇرۇۋەتكەنلىكى، ھىندونېزىيەدە ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن قەتلىئامغا سەۋەبچى بولغانلىقى)، «مالىيە گۇرۇھلىرىنىڭ ئامېرىكا ھاكىمىيىتىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغانلىقى» قاتارلىقلار

توغرىسىدىكى بايانلىرىنىڭ ئوقۇرمەنلەرنى يېڭىچە نۇقتىئىينەزەر بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. شۇنداقلا، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ھەرۋاقىت چوڭقۇر، بىتەرەپ، ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا كۆچىشىنى، رەقەملىك تاراتقۇلاردىكى تېيىز ئۇچۇر قايناملىرىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويماسلىقىنى تەكرار تەۋسىيە قىلىمىز.

***

«ئامېرىكا سىياسىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى» ژۇرنىلىنىڭ 2011-يىللىق يازلىق سانىدا «تېخى بىر قانچە يىل ئىلگىرىلا مىسلىسىز قۇدرەت ۋە جەلىبكارلىقتا ئىگە، بۈيۈك قەدەملىرى بىلەن دۇنيادا مەغرۇر كېزىپ يۈرگەن گىگانت دۆلەت» دەپ تەرىپلەنگەن ئامېرىكانىڭ چۈكۈۋاتقانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ھالاكەت مەنزىلىگە بىقۇۋۇللارچە يۈزلىنىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت «ئورتاق تېما» تىلغا ئېلىنىدى. بۇ ھەقىقەتەن كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ئورتاق تېما ئىدى، شۇنداقلا مۇئەييەن ئاساسلىرىمۇ بار ئىدى. ئامېرىكانىڭ دىپلوماتىيە سىياستى ۋە خەلقئارالىق تەسىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭ يەرلىك ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تۈزۈلمىسىنىڭ سالمىقىغا بولغان باھالار بۇ مەسىلىنى ناھايىتى ياخشى يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ. ئالدى بىلەن، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئامېرىكا كۈچىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۇنىڭ چېكىنىش مۇساپىسى باشلانغانىدى. يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدىكى «ئامېرىكا زور غەلىبىگە ئېرىشتى» دېگەن چۇقانلار ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى، خالاس. بۇنىڭدىن سىرت، كىشىلەر ئارىسىدا ئومۇملاشقان «كۈچ خىتاي بىلەن ھىندىستانىنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ» دېگەن قاراشمۇ ئىنتايىن گۇمانلىقتۇر. خىتاي بىلەن ھىندىستان ئېغىر ئىچكى مەسىلىلىرى بار نامرات دۆلەتلەردۇر. دۇنيانىڭ بارغانسېرى كۆپ خىللىشىۋاتقانلىقى شەكسىز، لېكىن ئامېرىكانىڭ چېكىنىۋاتقانلىقىغا قارىماستىن، مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان كەلگۈسىدە، ھېچكىم دۇنياۋى ئاتامانلىقنى ئۇنىڭدىن تالاشقۇدەك كۈچكە ئىگە ئەمەس.

ئالاقىدار تارىخىي ۋەقەلەرنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتەيلى: ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئامېرىكا ھۆكۈمدارلىرى ئامېرىكانىڭ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىپ، مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. بۇ ھەقتە، دىپلوماتىيە تارىخچىسى جېفرىي ۋارنېر (Geoffrey Warner) «پرېزىدېنت روزۋېلتنىڭ مەقسىتى ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيادا ئامېرىكانىڭ ئاتامانلىق ئورنىنى تىكلەشتۇر» دېگەن نۇقتىنى ئېنىق خاتىرىلىگەن. ئامېرىكا غەربىي يېرىم شارنى، يىراق شەرقنى، ئوتتۇرا شەرقتىكى نېفت رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سابىق برىتانىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ زېمىنلىرىنى، ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ مۇمكىنقەدەر كۆپ قىسمىنى، ياكى ئەڭ كەمدە غەربىي ۋە جەنۇبىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ يادرولۇق سانائەت رايونىنى — بۇ يەر ئوتتۇرا شەرقتىكى ئېنېرگىيە بايلىقلىرىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن

پەۋقۇلئاددە مۇھىم دەپ قارالغان ــــ ئۆز ئىچىگە ئالغان «چوڭ رايون»نى (Grand Area) تىزگىنلەشنى پىلانلىغان. ئامېرىكا بۇ بىپايان زېمىنلاردا ئۆزىنىڭ «قىل سىغماس كۆچى»نى ۋە «ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي ئاتامانلىقى»نى ساقلاشقا كۆچەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقانداق دۆلەت ياكى ھاكىمىيەتنىڭ ئۇنىڭ خەلقئارالىق پىلان لايىھەسىگە دەخلە يەتكۈزىدىغان پائالىيەتلەرنى قىلىشىغا چەك قويغان. گەرچە ئامېرىكانىڭ مەزكۇر «چوڭ رايون»دىكى نوپۇزى ئاجىزلىغان بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىقى تەلىماتلار ھېلىھەم داۋاملاشماقتا.

ئۇرۇش مەزگىلىدە تۈزۈلۈپ، ئارقىدىنلا ئىنچىكىلىك بىلەن ئىجرا قىلىنغان بۇ پىلانلار ئەمەلىي ئىدى. تا ھازىرغىچە، ئامېرىكا ئۆزىنىڭ بۇيان دۇنيادىكى ئەڭ باي دۆلەت بولۇپ كەلدى. ئۇرۇش (يەنى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى) ئامېرىكانىڭ شۇنىڭدىن ئىلگىرىكى «زور ئىقتىسادىي چېكىنىش»نىگە خاتىمە بەردى ۋە ئامېرىكانىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كۆچى تۆت ھەسسە ئاشتى. ئۇنىڭ رەقىبلىرى بولسا خانىۋەيران بولدى. ئۇرۇش ئاياغلاشقاندا، ئامېرىكا دۇنيادىكى بايلىقنىڭ يېرىمىغا ۋە مىسلىسىز بىخەتەرلىك سىستېمىسىغا ئىگە ئىدى. «چوڭ رايون»دىكى ھەربىر رايون ئۆزىنىڭ خەلقئارالىق سىستېمىدىكى «فۇنكسىيەسى»نى جارى قىلدۇرۇۋاتاتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى «سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى»مۇ ئاساسلىقى دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى دۆلەت (يەنى ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى)نىڭ ئۆز تەسىر دائىرىسى ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەرتىپىنى كۆچەيتىشكە ئۇرۇنغانلىقىدىن كېلىپ چىققانىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نەزىرىدە ئۆزىنىڭ تەسىرى دائىرىسى ئاساسلىقى شەرقىي ياۋروپادا ئىدى. ئامېرىكا ئۈچۈن بولسا، بۇ دۇنيادىكى كۆپ قىسىم دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 1949 ـ يىلىغا كەلگەندە، «خىتاينىڭ قولدىن كېتىشى»گە ئەگىشىپ، «چوڭ رايون»نىڭ دائىرىسى خېلىلا تارىيىپ كەتتى. («خىتاينىڭ قولدىن كېتىشى») دېگەن بۇ ئىبارە تولىمۇ قىزىقارلىق ئىدى، چۈنكى بىراۋنىڭ قولىدىكى نەرسىنىڭلا «قولدىن كېتىشى» مۇمكىن ئىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيامۇ تىزگىنىدىن چىقىشقا باشلىدى ـ دە، بۇ ۋاشىڭتوننىڭ كونتروللۇقىدىكى ھىندىچىنى (Indochina) ئۇرۇشىغا ۋە 1965 ـ يىلى ئامېرىكا ئۆزىنىڭ ھىندونېزىيەدىكى كونتروللۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدا يۈز بەرگەن قەتلىئامغا سەۋەب بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا ئۆزىنىڭ خاھىشىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان «مۇقىملىق»قا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، باشقا جايلاردا ئاغدۇرمىچىلىق ۋە كەڭ كۆلەملىك زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى داۋاملاشتۇردى.

لېكىن، سانائەت دۇنياسىنىڭ قايتىدىن قۇرۇلۇشى ۋە ئازابلىق مۇستەملىكىسىزلەشتۈرۈش مۇساپىسىنىڭ داۋاملىشىشىغا ئەگىشىپ، ئامېرىكانىڭ چېكىنىشىدىن ساقلانغىلى بولمايتتى. 1970 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئامېرىكانىڭ دۇنيادىكى بايلىقتا ئىگىلىگەن ئۈلۈشى 25 پىرسەنتكە تۆۋەنلىدى. گەرچە بۇ نىسبەت ھېلىھەم ئىنتايىن يۇقىرى بولسىمۇ، ئەمما (ئەسلىدىكى ئەللىك پىرسەنتكە سېلىشتۇرغاندا) زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن، سانائەت دۇنياسىدا، ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە ئاسىيا (ياپونىيەنى مەركەز قىلغان

بولۇپ، ئاسىيا شۇ چاغدىلا دۇنيادىكى ھاياتىي كۈچى ئەڭ زور رايونغا ئايلانغان ئىدى)دىن ئىبارەت ئۈچ رايونغا مەركەزلەشكەن ئۈچ قۇتۇپلۇق ۋەزىيەت شەكىللەندى.

ئاردىن يىگىرمە يىل ئۆتۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلاندى. ۋاشىنگتوننىڭ ئىنكاسى بىزگە سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىنىڭ ماھىيىتى جەھەتتە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى. ئەينى چاغدا ھاكىمىيەت بېشىدا بولغان چوڭ بۇش ھۆكۈمىتى دەرھال ئۆز سىياسىتىنىڭ ئاساسەن ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى، پەقەت باھانىنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئامېرىكانىڭ غايەت زور ھەربىي سىستېمىسىدا ئۆزگىرىش بولمايتتى، لېكىن ئۇ رۇسىيەدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدىكى «پىششىپ يېتىلگەن تېخنىكا»لارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. يەنە شۇ سەۋەبتىن، «دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى ئاساسى»نى ساقلاپ قېلىش زۆرۈر ئىدى. «دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى» ــــ دۆلەتنىڭ قوللىشىغا ۋە مەبلىغىگە ئېرىشكەن يۇقىرى تېخنىكىلىق سانائەتنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى ئىدى. مۇداخىلە كۈچلىرى داۋاملىق تۇردە دىققەتنى ئوتتۇرا شەرقكە مەركەزلەشتۈرۈشى كېرەك ئىدى، لېكىن بۇ يەردىكى ئېغىر مەسىلىلەرنى رۇسىيەگە باغلىغىلى بولمايتتى. بۇ ئامېرىكا يېرىم ئەسىردىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن (رۇس تەھدىتى توغرىسىدىكى) يالغان باھانىگە تۇپتىن زىت ئىدى. بۇ ئارقىلىق «ئاشقۇن مىللەتچىلىك»، يەنى دۆلەتلەرنىڭ «چوڭ رايون»نىڭ پرىنسىپىغا زىت ھالدا ئۆز مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشىنىڭ ئىزچىل ھالدا مەسىلىنىڭ تۈگۈنى ئىكەنلىكى يوشۇرۇن تەرزدە ئېتىراپ قىلىنغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ، بۇ سىياسەتلەرنىڭ ماھىيىتى ئۆزگەرتىلمىدى. كلىنتون ھۆكۈمىتى ئامېرىكانىڭ «ھالقىلىق بازارلارغا، ئېنېرگىيە تەمىناتىغا ۋە ئىستراتېگىيەلىك بايلىقلارغا توسقۇنسىز ئېرىشەلىشى»گە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئۆز ئالدىغا قورال كۈچى ئىشلىتىش ھوقۇقى بارلىقىنى جاكارلىدى. كلىنتون ھۆكۈمىتى يەنە «ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكىلەرنىڭ بىزگە (ئامېرىكاغا) بولغان تونۇشىنى» (سىلىق-سىپايە ۋەز-نەسىھەت بىلەن ئەمەس، بەلكى قورال كۈچى بىلەن) شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن، شۇنداقلا «تۇرمۇشىمىزغا ۋە بىخەتەرلىكىمىزگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ۋەقەلەرنى تىزگىنلەش» ئۈچۈن، ياۋروپا بىلەن ئاسىيادا چوقۇم ھەربىي قىسىم تۇرغۇزۇش كېرەكلىكىنىمۇ جاكارلىدى. نەتىجىدە، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى كىشىلەرنىڭ كۈتكىنىدەك ــــ ئۇلارنىڭ بۇنداق ئارزۇغا كېلىشىگە تەشۋىقاتلار سەۋەب بولغانىدى ــــ كىچىكلىتىلمەستىن ياكى تەلتۆكۈس تارقىتىۋېتىلمەستىن، شەرققە كېڭەيدى. بۇ مىخايىل گورباچېپ بىرلەشكەندىن كېيىنكى گېرمانىيەنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇشىغا قوشۇلغاندا، ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئاغزاكى ۋەدىگە خىلاپ ئىدى.

بۈگۈن شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ئامېرىكانىڭ قوماندانلىقى ئاستىدىكى، «خەلقئارالىق ئېنېرگىيە سىستېمىسىنى، دېڭىز قاتنىشى لىنىيەسىنى، ئېنېرگىيە تۇرۇبا لىنىيەلىرىنى، شۇنداقلا ئاتامان (ئامېرىكا) بەلگىلىگەن باشقا ھەرقانداق نەرسىلەرنى» تىزگىنلەش بىلەن ۋەزىپىلەندۈرۈلگەن خەلقئارالىق مۇداخىلە كۈچىگە ئايلاندى.

دەرۋەقە، بىر مەھەل دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت بولمىش رەقىب (يەنى سوۋېت ئىتتىپاقى)نىڭ گۇمران بولۇشىدىن مەنبەلەنگەن ھاياجانلىنىش دەۋرى ئۆتكەن بولۇپ، «تارىخنىڭ ئاياغلىشىشى»دىن ئىبارەت كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان ھېكايىلەر بار بۇ دەۋردە كىلىنتوننىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىگە بىردەك ياخشى باھا بېرىلگەننىدى. ھەتتا، بىر قىسىم داڭدار زىيالىيلار «مۇقەددەس نۇر»غا پۈركۈنگەن «شەرەپلىك دەۋر»نىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلاپ ئۈلگۈرگەننىدى. (ئۇلارنىڭ دەۋاسىغا كۆرە، بۇ دەۋردە) تارىختىن بۇيان تۇنجى قېتىم، بىر دۆلەت (يەنى ئامېرىكا) «ئۆزگىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلاش» پرىنسىپىغا رىئايە قىلىپ، «ھەممىباب پرىنسىپ ۋە قىممەت قاراش»لارنى ئىلگىرى سۈرۈشكە كۆچەپ، «ئىنسانىيەتسىزلىك تەلتۆكۈس يوقىتىلغان غايىۋى يېڭى دۇنيا»غا قاراپ ئىلگىرىلەش يولىدا رەقىبسىز ھالغا كەلگەن بولۇپ، نەتىجىدە بۇ توسقۇنسىز رەۋىشتە، «ئىنسانپەرۋەرلىك يۈزىسىدىن ئارىلىشىش» جەھەتتىكى خەلقئارالىق يېڭى ئۆلچەمگە ئايلىنالايتتى.

لېكىن، كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا بۇ داۋراڭلارغا مەپتۇن بولۇپ كەتمىگەننىدى. ئەزەلدىن بېرى زىيانغا ئۇچراپ كەلگەنلەر، يەنى جەنۇبىي يېرىم شاردىكىلەر ئاتالمىش ئىنسانپەرۋەرلىك يۈزىسىدىن ئارىلىشىش «ھوقۇقى»نى قاتتىق ئەيىبلەپ، بۇنى جاھانگىرلىك ھاكىمىيىتىنىڭ كونا «ھوقۇقى»دىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ قاراشتى. تېخىمۇ سوغۇققانلىق بىلەن پىكىر قىلالايدىغان سىياسىي سەرخىللار شۇنى بايقاپ يېتەلەيتتىكى، دۇنيادىكى كۆپ قىسىم ئىنسان ۋە دۆلەتكە نىسبەتەن، ئامېرىكا «دەرىجىدىن تاشقىرى لۈكچەك دۆلەت»كە، شۇنداقلا ئۇلار (يەنى دۇنيادىكى كۆپ قىسىم ئىنسان ۋە دۆلەت)نىڭ نەزىرىدىكى «ئۆز جەمئىيىتىگە بولغان ئەڭ چوڭ تاشقى تەھدىت»كە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. شۇنداقلا، بۈگۈنكى «ئەڭ مۇتتەھەم دۆلەت ئامېرىكا» ئىدى. كىچىك بۇش ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، باشقا ئەللەردىن كەلگەن دۈشمەنلىك سادالىرى ۋە ئامېرىكاغا قارشى جامائەت پىكىرلىرى تېخىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولماس ھالغا كەلدى. بولۇپمۇ، ئەرەب دۇنياسىدا بۇشنىڭ قوللاش نىسبىتى شىددەت بىلەن تۆۋەنلىدى. ئوباما ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ دۆلەتلەردىكى قوللاش نىسبىتى تېخىمۇ ھەيران قالارلىق دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، مىسىردىكى قوللاش نىسبىتى بەش پىرسەنتكە چۈشۈپ قالدى. ھالبۇكى، مەزكۇر ھۆكۈمەتنىڭ باشقا ئەرەب ئەللىرىدىكى قوللاش نىسبىتىمۇ بۇنىڭدىن ئانچە يۇقىرى ئەمەس ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكانىڭ چۆكۈشى ھېلىھەم داۋاملىشىۋاتاتتى. ئۆتكەن ئون يىلدا، ئامېرىكا جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىنى «قولدىن بېرىپ قويدى». جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىن ئايرىلىپ قېلىش «خەۋپى» نەچچە ئون يىل ئىلگىرىلا ئازدۇر-كۆپتۇر مەلۇم بولغاندى. نىكسون ھۆكۈمىتى چىلىدىكى دېموكراتىك تۈزۈلمىنى ئاغدۇرۇش ھەرىكىتىنى بىر قوللۇق پىلانلىغان، شۇنداقلا ئامېرىكانىڭ قوللىشى ئاستىدىكى پىنوچېت مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى يۆلىگەننىدى. چۈنكى، ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتى «ئەگەر ئامېرىكا لاتىن ئامېرىكاسىنى تىزگىنلىيەلمىسە، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىنى تىزگىنلەشنى خىيال قىلماسلىقى كېرەك» دەپ ئاگاھلاندۇرغانىدى.

لېكىن، تېخىمۇ چاتاق بولغىنى، ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى بارغانسېرى روشەنلىشىۋاتقان مۇستەقىللىق خاھىشى ئىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى پىلاندا، ئوتتۇرا شەرقتىكى تەڭداشسىز ئېنېرگىيە زاپىسىنى تىزگىنلىگەنلىك، «ئەمەلىيەتتە پۈتۈن دۇنيانى تىزگىنلىگەنلىك» (بۇ روزۋېلتنىڭ مۇھىم مەسلىھەتچىسى بېرلىنىڭ سۆزىدۇر) دەپ قارالغانىدى. شۇنىڭغا ماس ھالدا، مەزكۇر رايونغا بولغان كونتروللۇقنى يوقىتىش ئامېرىكانىڭ دۇنياغا خوجا بولۇش پىلانىغا زىيان يەتكۈزەتتى. مەزكۇر پىلانلار ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىلا ئوچۇق شەرھلەنگەن بولۇپ، گەرچە ئامېرىكا شۇنىڭدىن كېيىن دۇنيا تەرتىپىدىكى زور ئۆزگىرىشلەرگە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ پىلانلار يەنىلا ئۆز پېتى ئىجرا قىلىنغانىدى.

ئامېرىكانىڭ ئاتامانلىقىغا بولغان تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق تەھدىت زور ئەھمىيەتكە ئىگە دېموكراتىك ھەرىكەتتىن كېلەتتى. «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ ئىجرائىيە باش مۇھەررىرى بىل كېلېر (Bill Keller) ھاياجان ئىلكىدە: «ئامېرىكا شىمالىي ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى غايىلىك دېموكراتلارنى باغرىغا بېسىشقا ئىنتىزاردۇر» دەپ يازغانىدى. لېكىن، يېقىندا ئەرەب ئەللىرىدىكى جامائەت پىكرىگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان راي سىناش نەتىجىسى شۇنى ئوپئوچۇق كۆرسىتىپ تۇرۇپتىكى، جامائەت پىكرى ئارقىلىق سىياسەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان فۇنكسىيەلىك دېموكراتىيە ئامېرىكاغا نىسبەتەن ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەتتىن دېرەك بېرىشى مۇمكىن ئىدى. (بۇنىڭ دەلىلى سۆپىتىدە) شۇنىسى تولىمۇ تەبىئىيكى، مۇبارەك تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، مىسىرنىڭ تاشقى سىياسەت جەھەتتىكى دەسلەپكى بىر قانچە قەدىمى ئامېرىكا بىلەن ئىسرائىلىيەنىڭ قاتتىق ئېتىرازىغا سەۋەب بولدى.

گەرچە ئامېرىكانىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك سىياسەتلىرىگە بەزى ئىستراتېگىيەلىك تەڭشەشلەر يانداشتۇرۇلغان بولسىمۇ، بۇ سىياسەتلەر يەنىلا نىسبەتەن مۇقىم ئىدى. لېكىن ئوباما ھۆكۈمىتىدە بەزى روشەن ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلدى. ھەربىي تەھلىلچى يوچى درېزېننىڭ (Yochi Dreazen) «ئاتلانتىك ژۇرنىلى»دا بىلدۈرگىنىدەك، بۇشنىڭ سىياسىتى گۇماندارلارنى تۇتۇش (ۋە قىيناش) ئىدى. لېكىن، ئوباما تېرورلۇق قوراللىرى (ئىنسانسىز ئۇچقۇلار) ۋە ئالاھىدە قىسىملارنى (بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ئەترەتلىرىدۇر) كۆپلەپ ئىشلىتىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنىلا مەقسەت قىلدى. ئوباما ھۆكۈمىتى 120 دۆلەتتە ئالاھىدە قىسىم ئىشلىتىشنى پىلانلىغانىدى. نۆۋەتتە، بۇ خىل ئالاھىدە قىسىملارنىڭ كۆلىمى كانادا دۆلەت ئارمىيەسىنىڭكى بىلەن تەڭلەشتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئالاھىدە قىسىملارنى ئامېرىكا پرېزىدېنتىنىڭ «شەخسىي قوشۇنى» دېيىشكە بولىدۇ. بۇ مەسىلە ئامېرىكالىق تەكشۈرگۈچى مۇخبىر نىك تېرس (Nick Turse) تەرىپىدىن «Tomdispatch» توربىدا تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان ۋە مۇھاكىمە قىلىنغان. ئوباما بىن لادېننى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئالاھىدە ئەترەت شۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ پاكىستاندا ئون نەچچە قېتىم ئوخشاش تۈردىكى ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلغانىدى.

يۇقىرىقى ۋە باشقا نۇرغۇن جەھەتلەردىكى ۋەزىيەت تەرەققىياتى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئامېرىكانىڭ ئاتامانلىق ئورنى تەۋرىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاتامانلىق تەمەسى تەۋرەنگىنى يوق.

ئەڭ كەمدە، قەستەن «قارىغۇ» بولۇۋالمىغانلارنىڭ ئارىسىدىكى يەنە بىر «ئورتاق تېما» شۇكى، ئامېرىكانىڭ چېكىنىشىگە ئاساسەن ئۆزى سەۋەبچى بولغان. بۇ يىل يازدا ۋاشىڭتوندا يۈز بەرگەن ماجىرالار (قەرز چېكى كىرىزىسى مەسىلىسى) ئامېرىكا خەلقىنى سەسكەندۈردى (نۇرغۇن ئامېرىكالىقلار دۆلەت مەجلىسى تارقىلىپ كەتسە بولغۇدەك، دېيىشمەكتە)، دۇنيانىمۇ گاڭگىرىتىپ قويدى. بۇ پارلامېنتلىق تۈزۈمدىكى دېموكراتىك سىستېمىدا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىشتۇر. بۇ مەنزىرىنىڭ ھەيۋىتى ھەتتا ئاشۇ قورچاقلارنىڭ ئارقىسىدىكى تىزگىنلىگۈچىلەرنىمۇ چۆچۈتىۋەتتى. مەركىزى مالىيە گۇرۇھلىرىنىڭ نۆۋەتتە كۆڭۈل بۆلىدىغىنى، ئۇلار ئۆزلىرى دۆلەت مەجلىسىگە ئورۇنلاشتۇرغان رادىكال ئۇنسۇرلارنىڭ مەۋجۇت ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغان- قىلىۋەتمەيدىغانلىقىدۇر. چۈنكى، «بالا باققۇچىلىق» سۈپىتىگە ئىگە بۇ ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ بايلىقى ۋە ئىمتىيازىنىڭ كاپالىتىدۇر.

ئامېرىكىلىق داڭلىق پەيلاسوپ جون دېۋى (John Dewey) سىياسەتنى «چوڭ شىركەتلەرنىڭ جەمئىيەتكە تاشلىغان سايىسى» دەپ تەبىرلىگەن ۋە «سايىنىڭ كىچىكلىشى (شۇ سايىنىڭ ئىگىسى بولغان) جىسىمنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرغانىدى. 19- ئەسىرنىڭ 70- يىللىرىدىن باشلاپ، بۇ سايە جەمئىيەتنى ۋە سىياسىي تۈزۈلمىنى قاپلىۋالغان بولۇتقا ئايلاندى. مالىيە گۇرۇھلىرىنىڭ ـــ نۆۋەتتە پۇل مۇئامىلە كاپىتالى بۇلارنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ ـــ تەسىرى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، بۈگۈن ئاساسىي جەھەتتىن ئەنئەنىۋى پارتىيەگە ئوخشىماي قالغان ئىككى سىياسىي تەشكىلات (جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى بىلەن دېموكراتلار پارتىيەسى، ت) نۆۋەتتە مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان مەسىلە جەھەتتە خەلقنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشتىن بەكلا چەتنەپ كەتتى.

ئاۋام ئەڭ بەك كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىچكى مەسىلە ئېغىر ئىشسىزلىق كىرىزىسىدۇر. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە، بۇ ئاچقۇچلۇق مەسىلىنى پەقەت ھۆكۈمەتتىن كېلىشى مۇمكىن بولغان، ئالدىنقى قېتىم ئوباما تەرىپىدىن باشلانغان، مىليونلىغان خىزمەت ئورنىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، دۆلەتتىكى چېكىنىشنىڭ ۋە يەرلىك ئىستېمالدىكى تۆۋەنلەشنىڭ ئورنىنى ئاران- ئاران تولدۇرالىغان مۇداخىلىدىن خېلى بەك كۈچلۈك بولغان ئىقتىسادىي غىدىقلاش ئارقىلىق ئاندىن ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ھالبۇكى، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ئەڭ بەك كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە قىزىل رەقەم كىرىزىسىدۇر. شۇ ۋەجىدىن، پەقەت قىزىل رەقەملا مۇزاكىرىگە سۇنۇلماقتا. كۆپ قىسىم كىشىلەر پەۋقۇلئاددە ئاز ساندىكى بايلاردىن باج يىغىش ئارقىلىق مالىيە قىزىل رەقىمى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا مايىل (بۇ تەكلىپنى 72 پىرسەنت ئادەم قوللاپ، 21 پىرسەنت كىشى قارشى تۇرغان). ئىجتىمائىي كاپالەتنى ئازايتىش تەكلىپى كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان بولۇپ (69 پىرسەنت كىشى داۋالاش تولۇقلىمىسىنى ئازايتىشقا، 79 پىرسەنت كىشى داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى ئازايتىشقا قارشى تۇرغان)، شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ نەتىجىسى كۈتكەننىڭ ئەكسىچە بولۇشى مۇمكىن.

ئاۋامنىڭ قىزىل رەقەمنى قانداق تۈگىتىشى مۇمكىنلىكى توغرىسىدىكى بىر تەتقىقاتنىڭ مەسئۇلى ستېۋىن كۇل (Steven Kull) شۇنداق دېگەن: «روشەنكى، ھۆكۈمەتمۇ، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىكىلەر كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان ئاۋام پالاتاسىمۇ ئاۋامنىڭ قىممەت قارىشى ۋە ئۇلارنىڭ

خامچوت توغرىسىدىكى كۆزقارىشى جەھەتتە، ئۇلار بىلەن بىردەكلىككە ئىگە ئەمەس. مالىيە چىقىمىنىڭ ئەڭ چوڭ پەرقى شۇكى، ئاۋام دۆلەت مۇداپىئە خامچوتىنى زور مىقداردا قىسقارتىشنى قوللايدۇ، ھۆكۈمەت بىلەن ئاۋام پالاتاسى بولسا بۇنى مۆۋاپىق مىقداردا ئاشۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئاۋام تەلەپ قىلغان خىزمەت جەريانىدا تەربىيەلىنىش، مائارىپ، بۆلغىنىشنى تىزگىنلەش قاتارلىق جەھەتلەردىكى چىقىملار ھۆكۈمەت ياكى ئاۋام پالاتاسى تەشەببۇس قىلغاندىن خېلى بەكلا كۆپ».

بۇش بىلەن ئوباما ئىراق بىلەن ئافغانىستاندا سەرپ قىلغان ئۇرۇش خىراجەتلىرى ھازىر تۆت تىرىلليون 400 مىليارد دوللار دەپ مۆلچەرلەنمەكتە. بۇ بىر لادىننىڭ زور غەلىبىسىدۇر. چۈنكى، ئۇ ئىلگىرى ئۆز نىشانىنىڭ «ئامېرىكانى تۇزاققا دەسسىتىپ ۋەيران قىلىش» ئىكەنلىكىنى جاكارلىغانىدى. ئامېرىكانىڭ 2011-يىلىدىكى ھەربىي خامچوتى دۇنيادىكى باشقا ئەللەرنىڭ ھەربىي خامچوتىنىڭ يىغىندىسىغا توغرا كېلىدىغان بولۇپ، ئەمەلىي باھا بويىچە ھېسابلىغاندا بۇ ئامېرىكانىڭ سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ھەرقانداق مەزگىلىدىكىدىن يۇقىرىدۇر. لېكىن، مەزكۇر خامچوت بۇنىڭدىنمۇ كۆپەيتىلىشى مۇمكىن. قىزىل رەقەم كرىزىسى كىشىنى (يەنى پۇلدىن باشقىنى ئويلىمايدىغان گىگانت كاپىتالىستلارنى، ت) بىزار قىلىدىغان ئىجتىمائىي تۈرلەرنى ۋەيران قىلىدىغان قورال سۈپىتىدە پەيدا قىلىنغان. لېكىن، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر تۇرمۇشىدا دەل (مالىيە گۇرۇھلىرى بىكار قىلىۋەتمەكچى بولغان) ئۇشبۇ ئىجتىمائىي تۈرلەرگە تايىنىدۇ. لوندوندىكى «پۇل مۇئامىلە ۋاقىت گېزىتى»نىڭ ئىقتىساد مۇخبىرى مارتىن ۋولف (Martin Wolf) شۇنداق يازغان: «ئۇ (يەنى سۈنئىي رەۋىشتە پەيدا قىلىنغان قىزىل رەقەم كرىزىسى) ئامېرىكانىڭ مالىيە ئەھۋالىنى ھەل قىلىش جەھەتتىكى تەخىرسىز مەسىلە ئەمەس... ئامېرىكا ھېلىھەم <مۇددەتتىكە بۆلۈپ تۆلەش> شەكلىدە قەرز ئالالايدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ ئون يىللىق زايومىنىڭ پايدا نىسبىتى ئۈچ پىرسەنتكە يېقىن. ئاز ساندىكى خۇدىنى يوقاتمىغان كىشىلەرنىڭ مۆلچەرلىگىنىدەك، مالىيە خىرىسى جىددىي ھەل قىلىنىشى كېرەك بولغان تەخىرسىز مەسىلە بولماستىن، ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋەزىپىدۇر. روشەنكى، ئامېرىكا مالىيەسىدىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر رېئاللىق شۇكى، 2011-يىلى ئامېرىكانىڭ مالىيە كىرىمى GDP نىڭ ئاران 14.4 پىرسەنت بولىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. بۇ ئۇرۇشتىن كېيىنكى 18 پىرسەنتلىك ئوتتۇرىچە سەۋىيەدىن خېلىلا تۆۋەن. ھالبۇكى، 2011-يىلى شەخسىي تاپاۋەت بېجىنىڭ ئامېرىكا GDP سىدا ئىگىلىگەن نىسبىتىنىڭ 6.3 پىرسەنت بولىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. ئامېرىكالىقلاردىن باشقىلار بۇ رەقەمنىڭ ھەيران قالغۇدەك نېمىسى بارلىقىنى ئاڭقىرالمايدۇ. 1988-يىلى سابىق پرېزىدېنت رونالد رېگاننىڭ ۋەزىپە مۇددىتى ئاياغلاشقاندا، ئامېرىكا مالىيە كىرىمىنىڭ GDP دا ئىگىلىگەن نىسبىتى 18.2 پىرسەنت ئىدى. قىزىل رەقەمنى يوقىتىش ئۈچۈن باج نىسبىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈش كېرەك.» بۇ دەرۋەقە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، شۇنداقلا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ۋە دەرىجىدىن تاشقىرى بايلار دەل شۇنىڭغا موھتاجدۇر. شۇنداقلا، دېموكراتىيەنى تېز سۈرئەتتە ئاجىزلىتىش (ئۇلار ئۈچۈن) ھەممىدىن مۇھىمدۇر.

گەرچە قىزىل رەقەم كرىزىسىنى ۋەھشىي سىنىپىي كۆرەش كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز كرىزىسى ھەقىقەتەن تولىمۇ ئېغىردۇر. شۇنداقلا، رونالد رېگاننىڭ مەسئۇلىيەتسىزلەرچە

مالىيە سىياسىتىدىن بۇيان، ئامېرىكا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ھەقدار (قەرز بەرگۈچى، «ھەقدار» كەلىمىسىنىڭ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دىكى ئىككىنچى مەنىسىگە قارالسۇن، ت) دۆلەتتىن دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ قەرزدار دۆلەتكە ئايلاندى. دۆلەت قەرزى ئۈچ ھەسسە كۆپىيىپ، ئىقتىسادىي خەۋپ شىددەت بىلەن كۆچەيدى، شۇنداقلا جورجى W بۇش بۇ ۋەزىيەتنى تېخىمۇ ئەدىتىۋەتتى. لېكىن، نۆۋەتتىكى ئەڭ تەخىرسىز ئىش ئىشسىزلىق كرىزىسىنى ھەل قىلىشتۇر.

كرىزىس توغرىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى «مۇرەسسەسە» ــــ تېخىمۇ توغرىسى، رادىكال ئوڭچىلارغا تەسلىم بولۇش ــــ ئاۋامنىڭ ئىزچىل تەلەپ قىلىپ كەلگەنلىرىگە تۆپتىن زىت ئىدى ۋە شۇنىڭغا جەزم قىلىشقا بولاتتىكى، بۇ ئىقتىسادىي ئېشىشنى ئاستىلىتىپ، نۆۋەتتە غايەت زور پايدا ئېلىۋاتقان بايلار ۋە شىركەتلەردىن باشقا ھەممەيلەننى ئۇزۇن مۇددەتلىك زىيانغا ئۇچرىتاتتى. سوغۇققان ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خارۋاردتىكى ئىقتىسادشۇناس لاۋرېنس سامېرسنىڭ (Lawrence Summers) «ئامېرىكانىڭ نۆۋەتتىكى مەسىلىسى زىيادە ئېشىپ كەتكەن خامچوت قىزىل رەقىمى ئەمەس، بەلكى ئىشسىزلىق ۋە ئىقتىسادىي ئېشىشنىڭ ئاستىلىقى مەسىلىسىدۇر» دېگەن ھۆكۈمگە قوشۇلاتتى. شۇنداقلا، 2011-يىلى 8-ئايدا ۋاشىنگتوندا كېلىشىم ھاسىل قىلىنغان خامچوتمۇ ــــ گەرچە ئاساسەن مۇمكىن بولمايدىغان قەرز كېچىكتۈرۈشتىن ياخشىراق بولسىمۇ ــــ ئوخشاشلا چېكىنىۋاتقان ئىقتىسادنى تېخىمۇ ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

ئانچە گېپى بولۇنمىغان يەنە بىر نۇقتا شۇكى، ئىقتىسادشۇناس دىن بېيكېر (Dean Baker) «ئەگەر فۇنكسىيەسىنى ياخشى جارى قىلدۇرالمايۋاتقان، خۇسۇسىيلاشتۇرۇلغان ساغلاملىق سىستېمىسى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تەننەرخى شۇنىڭ پىرىمىغا توغرا كېلىدىغانلىقىغا قارىماستىن، ئەڭ كەمدە ساغلاملىق جەھەتتە شۇنىڭغا سېلىشتۇرغىلى بولغۇدەك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈۋاتقان باشقا سانائەتلەشكەن دۆلەتلەردىكىگە ئوخشاش سىستېمىغا ئۆزگەرتىلسە، خامچوت قىزىل رەقىمىنى تۈگەتكىلى بولىدۇ» دېگەن مۇمكىنچىلىكنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، مالىيە ئاپپاراتلىرى ۋە دورا ساھەسى قاراپ چىقىشمۇ بەسىي مۇشكۈل بولغان بۇ خىل تاللاشلار ئالدىدا (گەرچە بۇ خىل مۇمكىنچىلىك خىيلا رېئال بولسىمۇ) ئىنتايىن كۆچلۈك ئورۇندىدۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلى كۆنتەرتىپنىڭ سىرتىدا قالغان تۆۋەن مىقدارلىق پۇل مۇئامىلە بېجى قاتارلىق تاللاشلارمۇ ئىقتىسادىي نۇقتىدىن قىينچىلىق تۇغدۇرماقتا.

بۇ ئەسنادا، يېڭى سوۋغىلار ۋال كوچىسىدا ھە دەپ ئىسراپ قىلىنماقتا. ئاۋام پالاتاسىنىڭ «پۇل ئاجرىتىش كومىتېتى» مالىيەۋى چىرىكلىككە قارشى بىرىنچى نومۇرلۇق توسالغۇ بولغان «ئاكسىيە ۋە ئالماشتۇرۇش كومىتېتى» ئۈچۈن تەلەپ قىلىنغان خامچوتنى قىسقارتتى. (بۇ خىل ئەھۋالدا) ئىستېمالچىلارنى قوغداش ئاپپاراتلىرىنىڭمۇ (پالەچلەندۈرۈلمەي) ساق قالالىشى ئېھتىماللىقتىن يىراق. دۆلەت مەجلىسى كەلگۈسى ئەۋلادلارغا قارشى قوزغىغان ئۇرۇشتا ئۆزىنىڭ باشقا قوراللىرىنىمۇ ئىشقا سالدى. «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ خەۋىرىگە كۆرە، جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ مۇھىت ئاسراشقا قارشى تۇرغانلىقى مەسىلىسىدە، «ئامېرىكانىڭ زور ئاممۇۋى خىزمەت ئاپپاراتلىرىدىن بىرى يەرشارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشىگە

سەۋەب بولغان كاربون قويۇپ بېرىلىشنى تىزگىنلەيدىغان بىر ئىشقا توسقۇنلۇق قىلدى ۋە نۆۋەتتە كۆمۈر ئىشلىتىلىۋاتقان ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىدا كاربون تۆت ئوكسىدنى يىغىۋالالايدىغان ئەڭ ياخشى پروجېكتلەردىن بىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى.»

ئۆز-ئۆزىنى زىيانغا ئۇچرىتىقان ۋە بارغانسېرى ئەۋج ئېلىۋاتقان بۇ خىل زەربىلەر يېقىن ئۆتمۈشكىلا خاس ھادىسە بولماستىن، ئۇنىڭ تارىخى 1970-يىللارغىچە، يەنى دۆلەتلىك سىياسىي ئىقتىساد تەلىماتى كۆپىنچە كىشىلەر تەرىپىدىن «(دۆلەت) كاپىتالىزمىنىڭ ئالتۇن دەۋرى» دەپ ئاتالغان دەۋرگە خاتىمە بېرىپ، غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن دەۋرلەرگىچە بارىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئۇلۇق ئىككى ئامىلى پۇل مۇئامىلىشىش (financialization) ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ چەتئەللەرگە يۆتكىلىشى بولۇپ، بۇ ئىككىلىسى ئىشلەپچىقىرىشتىكى پايدا نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلىشى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن سەرمايىلەرنى تىزگىنلىگەن ۋە پۇل بىرلىكلىرىنى تەرتىپكە سالغان برېتون ۋۇدس سىستېمىسىنىڭ (Bretton Woods System) پارچىلىنىشىغا ئالاقىدار ئىدى. بۇ خىل تەلىماتلار باشقۇرۇشتىكى بوشاڭلىقتا، كاتتا «باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى» مۇكاپاتلىرىنى قىسقا مۇددەتلىك پايدىلارغا باغلىغان شىركەت باشقۇرۇش پىرىنسىپلىرىغا ۋە شۇ تىپتىكى سىياسىي قارارلارغا ئۆزگەرگەندە، «ئەركىن بازار تەلىماتلىرى»نىڭ ئىدېئولوگىيەلىك غەلىبىسى ھەر ۋاقىتتىكىدەك تولىمۇ تاللاشچان رەۋىشتە، زەربىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە باشلىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان مال-مۈلۈكنىڭ (ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ قولىغا) جۇغلىنىشى، ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنى پەۋقۇلئاددە مال-بىساتقا ئىگە قىلىپ، زور كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي كىرىمىنىڭ تۇرغۇنلىشىشىغا سەۋەب بولغان ناچار ئايلىنىشنى تېزلىتىش ئارقىلىق تېخىمۇ زور سىياسىي نوپۇز قازاندى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سايلام چىقىملىرى پەۋقۇلئاددە زور دەرىجىدە ئۆرلەپ، ھەر ئىككى پارتىيەنىڭ ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە، شىركەتلەرنىڭ قولىغا قاراپ قېلىشىغا سەۋەب بولدى. ھەر ئىككى پارتىيەنىڭ دۆلەت مەجلىسىدىكى رەھبەرلىك ماقاملىرىنىڭ «كىم ئارتۇق» قىلىپ سېتىلىشى نەتىجىسىدە، سىياسىي جەھەتتە دېموكراتىيەگە تەۋە نىمە قالغان بولسا، ھەممىسى تېخىمۇ بەك ۋەيران قىلىندى. سىياسىي ئىقتىسادشۇناس توماس فېرگۇسون (Thomas Ferguson) «تەرەققىي تاپقان دۇنيادىكى قانۇن چىقىرىش ئاپپاراتلىرى ئارىسىدا تەڭداشسىز ئورۇنغا ئىگە بولغان ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ پارتىيەلىرى ئەمدىلىكتە قانۇن چىقىرىش جەريانىدىكى ھالقىلىق بوشلۇقلاردىن پايدىلىنىلىشى ئۈچۈن باھا قويۇشقا باشلىدى» دەيدۇ. پارتىيەنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن پارلامېنت ئەزالىرى ھوقۇقتا ئېرىشمەكتە ۋە بۇ پارتىيەلەرنى بىنورمال رەۋىشتە خۇسۇسىي كاپىتالغا خىزمەت قىلىشقا مەجبۇرلىماقتا. «نەتىجىدە، مۇنازىرىلەر رەھبەرلەر تايىنىۋاتقان مەبلەغ سېلىش گۇرۇھلىرىغا ۋە مەنپەئەت شايكىلىرىغا خۇشياقىدىغان ۋاقىتتى ئۆتمەس شوئارلارنى توۋلاش جەريانىغا ئايلىنىپ قالدى» دەيدۇ ئۇ (25).

«ئالتۇن دەۋر»دىن كېيىنكى ئىقتىساد ئادام سمىس (Adam Smith) ۋە دېيۋىد رىكاردو (David Ricardo) قاتارلىق كىلاسسىك ئىقتىسادشۇناسلار تەسەۋۋۇر قىلغان قاباھەتكە پېتىپ قالدى. ئادام

سىمسىنىڭ تەبىرىدىكى «ئىنسانىيەتنىڭ خوجىلىرى» يېقىنقى ئوتتۇز يىلدا ئۆز جەمئىيىتىنىڭ پاراۋانلىقىغا ئالاقىدار ھەرقانداق ھېسسىي قىزىقىشىنىڭ تەرك ئەتتى. ئۇلار بۇنىڭ ئورنىغا دىققىتىنى قىسقا مۇددەتلىك پايدىغا ۋە غايەت زور دارامەتلەرگە مەركەزلەشتۈردى. نەتىجىدە، ۋەتەن زىيانغا ئۇچرىدى ـ يۇ، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كۈچلۈك «بالا باققۇچى» ھاكىمىيەت ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالدى.

4 ـ ئاۋغۇست «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ باش بېتىگە بىر پارچە رەسىملىك چۈشەندۈرۈش بېسىلىپ، ئىككى چوڭ ۋەقە يانمۇيان خەۋەر قىلىندى. بۇلارنىڭ بىرىدە جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ «باجنى ـــ يەنى بايلاردىن ئېلىنىدىغان باجنى ـــ ئاشۇرۇشقا ئالاقىدار» ھەرقانداق لايىھەگە نە قەدەر قارشى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. يەنە بىر ماقالىنىڭ تېمىسى بولسا «ھەشەمەتلىك بويۇملارنىڭ باھاسى ئۆستۈرۈلگەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا سودىسى بولۇۋېرىدۇ» ئىدى. بايلاردىن ۋە كارخانىلاردىن ئېلىنىدىغان باجنى كۆلكىلىك دەرىجىدە تۆۋەنلىتىشتىكى باھانە «ئۇلار مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق، خىزمەت پۇرسىتى يارىتىدۇ» ئىدى. ھالبۇكى، ھازىر ئۇلارنىڭ يانچۇقى مىسلىسىز پايدا بىلەن لىققىدە تولۇپ كەتكەچكە، بۇ ئىشنى قىلىپ بولالمايۋاتقاندى.

بانكا ساھەسىدىكى گىگانت شىركەتلەردىن بىرى بولغان سىتى گۇرۇھى (Citigroup) مەبلەغ سالغۇچىلار ئۈچۈن تەييارلىغان تەشۋىقات كىتابچىسىدا بۇ خىل تەرەققىيات مەنزىرىسى دەل جايىدا سۆزلەنگەن. مەزكۇر بانكىنىڭ تەھلىلچىلىرى شۇنداق بىر يەرشارى جەمئىيىتىنى تەسۋىرلىگەنكى، مەزكۇر جەمئىيەت «زەردارلار تائىپىسى» بىلەن «باشقا تائىپىلەر»دىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنگەن. بۇ خىل دۇنيادا، ئىقتىسادىي ئېشىش ئاز ساندىكى پۇلدارلار تەرىپىدىن ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، شۇنداقلا ئاساسەن شۇلار تەرىپىدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئاندىن، بۇ جەمئىيەتتە «باي ئەمەسلەر» تائىپىسى بار بولۇپ، ئۇلار زور كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىدۇ. ئېنىقسىز تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بۇ تائىپە گاھىدا «يەرشارىۋى يالاڭتۆشلەر» دەپ ئاتالماقتا. ئامېرىكادا، ئۇلار «بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان ئىشچىلار تەشۋىشى»گە دۇچ كەلمەكتە. ھالبۇكى، ئامېرىكا پۇل زاپىسى سىستېمىسىنىڭ (بۇ ئامېرىكانىڭ مەركىزىي بانكا سىستېمىسىدۇر، ت) رەئىسى ئالان گرېنسپەن (Alan Greenspan) ئۆزىنىڭ ئىقتىساد باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئېپادىسىنى ماختاش جەريانىدا، دۆلەت مەجلىسىگە چۈشەندۈرگىنىدەك، بۇ (يەنى ئىشچىلارنىڭ خاتىرجەمسىزلىكى) ساغلام ئىقتىسادنىڭ ئاساسىدۇر. مانا بۇ يەرشارىۋى جەمئىيەتتىكى ھەقىقىي ھوقۇق ئالمىشىشىدۇر.

سىتى گۇرۇھىنىڭ تەھلىلچىلىرى مەبلەغ سالغۇچىلارغا دىققىتىنى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ موتورى بولمىش پەۋقۇلئاددە باي كىشىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈشنى تەۋسىيە قىلغان. 1985 ـ يىلىدىن بۇيان، ئۇلارنىڭ ئاتالمىش «پەۋقۇلئاددە زەردارلار پاي چېكى سېپىتى»نىڭ ئېپادىسى تەرەققىي تاپقان بازارلاردىكى دۇنياۋى كۆرسەتكۈچتىن خېلىلا يۇقىرى ئىدى. ئەينى چاغدا پەۋقۇلئاددە باي كىشىلەرنى تېخىمۇ بېيىتىشنى نىشان قىلغان «رېگان ـ ساچىر ئىقتىسادىي پىلانى» ھەقىقىي رەۋىشتە ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغانىدى.

مەزكۇر ئاپپاراتلار 2007 ـ يىلىدىكى پۇل مۇئامىلە كرىزىسىدىن ـــ بۇنىڭغا ئاساسلىقى «ئالتۇن دەۋر»دىن كېيىنكى يېڭى مەزگىلدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى جاۋابكار ـــ ئىلگىرىلا ھەيران قالارلىق ئىقتىسادىي كۆچكە ئىگە بولغانىدى. ئۇلارنىڭ كارخانىلارنىڭ پايدىسىدا ئىگىلىگەن ئۇلۇشى ئىككى ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشقانىدى. پۇل مۇئامىلە كرىزىسىدىن كېيىن، بەزى ئىقتىسادشۇناسلار ئۇلارنىڭ فۇنكسىيەسىنى نوقۇل ئىقتىسادىي نۇقتىدىن تەھلىل قىلىشقا باشلىدى. نوبېل ئىقتىساد مۇكاپاتى ساھىبى روبېرت سولوۋ (Robert Solow) ئۇلارنىڭ ئومۇمەن سەلبىي تەسىر كۆرسىتىش ئېھتىماللىقىنىڭ يۇقىرىلىقىنى خۇلاسىلەپ: «(مەزكۇر پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى قازانغان، ئاتالمىش) مۇۋەپپەقىيەتلەر ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ ئۈنۈمىنى ھېچقانچە ئاشۇرالماسلىقى مۇمكىن، ئەمما كرىزىس سەۋەبلىك، بايلىق باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ (يەنى پۇقرالارنىڭ) ئىلكىدىن پۇل مۇئامىلىچىلەرنىڭ ئىلكىگە يۆتكەلدى» دېگەن.

ئۇلار سىياسىي دېموكراتىيەنىڭ قالدۇقلىرىنىمۇ كۆكۈم ـ تالقان قىلىش ئارقىلىق ئەجەللىك جەريانىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئاساس سالدى، بۇنىڭ ئۈچۈن زىيانلانغۇچىلار (يەنى پۇقرالار) سۈكۈت ئىلكىدە قوبۇل قىلىپ بەرسىلا بولدى.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://chomsky.info/20110824/



# پەرزەنتلىرىمىزنى تېخىمۇ ئەقىللىق قىلالامدۇق؟

## باللىرىمىزنى تېخىمۇ ئەقىللىق قىلالامدۇق؟

گۈن دىۋار

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، باللارنى پەۋقۇلئاددە ئەقىللىق قىلىۋېتەلەيدىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن كىتاب ـ ماتېرىيال، ئويۇنچۇق، DVD پىلاستىنكىلىرى، يۇمشاق دېتاللار، ئويۇنلار ۋە مائارىپ پروگراممىلىرىنىڭ بازىرى تولىمۇ ئىتتىك.

بۇ خىل مەھسۇلاتلارنىڭ نۇرغۇنى «ئۆزلىرىنىڭ كارغا كېلىدىغانلىقى ۋە بۇنىڭ ئىلىم ـ پەن تەرىپىدىن ئىسپاتلانغانلىقى»نى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن رەۋىشتە دەۋا قىلىشىدۇ. ئۇنداقتا، ئەھۋال راستلا شۇنداقمۇ؟ قىسمەن ئەھۋاللاردا شۇنداق.

مەسىلەن، مەن باشقا يەردىمۇ نەقىل قىلغاندەك، تۆۋەندىكى خۇسۇسلار توغرىسىدا پاكىتلار مەۋجۇت:

* ھەرخىل شەكىللەرنى قۇراشتۇرۇپ ئوينىلىدىغان ئىمارەت ياساش تىپىدىكى ئويۇنلار باللارنىڭ تۆرلۈك تونۇش ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.

* تەنقىدىي تەپەككۇر قىلىش ماھارىتىنى ئۆگىتىدىغان ئاكادېمىك پروگراممىلار بالىنىڭ تونۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ.

* شاھمات تىپىدىكى بەزى ئويۇنلار ئوقۇش يېشىدىن ئىلگىرىكى ماتېماتىكا ماھارىتىنى ئاشۇرىدۇ.

لېكىن، «ئەقىل ئاچىدىغان» مەھسۇلاتلارنىڭ نۇرغۇنى كارغا كەلمەيدۇ. مەسىلەن، ئۆزگىرىشچان ئامىللار تىزگىنلەنگەن بىر تۈرلۈك تەجرىبىدە، بوۋاقلارنىڭ تاراتقۇلارنى ئاساس قىلغان ئوقۇتۇش پروگراممىلىرىدىن خەت ئوقۇشنى ئۆگىنەلىگەنلىكىگە ئالاقىدار ھېچقانداق پاكىتقا ئېرىشەلمىگەن. شۇنداقلا، پەۋقۇلئاددە كىچىك ياشتىكى باللارنىڭ تەربىيە خاراكتېرلىك ۋىدېيولارنى كۆرۈش ئارقىلىق گەپ قىلىشنى ئۆگىنەلەيدىغانلىقى توغرىسىدا پاكىتلار مەۋجۇت. ئەكسىچە، بوۋاقلار (تېلېۋىزور ياكى كومپيۇتېر بىلەن ئەمەس، بەلكى) ھەقىقىي ئىنسانلار بىلەن ئۇچرىشىش ۋە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاش ئارقىلىق سۆزلەشنى ئۆگىنىدۇ (كۇھل، 2005 ـ يىلى).

خەلق ئارىسىدا ئومۇملاشقان بەزى خاتا چۈشەنچىلەر بار: مەسىلەن، كىشىلەر: «باللارنى ئەقىللىق دەپ ماختاپ بەرگەندە، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قەدىرلەش تۇيغۇسى كۈچىيىپ، ئوقۇش نەتىجىسى ياخشىلىنىدۇ» دەپ قارايدۇ.

كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدىغان بىر قاتار تەجرىبىلەر ئەھۋالنىڭ دەل شۇنىڭ ئەكسىچە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. باللارنى ئەقىللىق دەپ ماختاش كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلارنى ھاقامەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

تېخمۇ قىزىقارلىقى ــــ ھېچبولمىسا مېنىڭ نەزىرىمدە ــــ «بىزنىڭ ئەقلىگە بولغان تونۇشىمىز ئۆگىنىش جەريانىغا تۇسقۇنلۇق قىلىشى مۇمكىن» دېگەن بايقاشتۇر. ئەقلىنى مۇقىم، ئۆزگەرمەس خۇسۇسىيەت دەپ قارايدىغان كىشىلەر خاتالىقلىرىدىن ئالدىراپ ساۋاق ئالمايدۇ، بۇنداقلارنىڭ ئوقۇشتا ئۇتۇق قازىنىش ئېھتىماللىقىمۇ تۆۋەن بولىدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، تەجرىبىلەردە كۆرسىتىلىشىچە، بالىكىزنىڭ ئەقىل ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئالاقدار («قىز بالىنىڭ تىل تالانتى ئوغۇل بالىنىڭكىدىن كۈچلۈك بولىدۇ» ياكى «ئاسىيالىق بالىلار ماتېماتىكاغا ئۇستا» دېگەندەك) قاتمال قاراشلار بىلەن ئۇچرىشىشى ئۇنىڭ ئوقۇش نەتىجىسىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىكەن.

شۇ ۋەجىدىن، مەن تۆۋەندە بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئالاقدار، دەلىل ـ ئىسپاتلىرى بار تەدبىرلەرنى سىلەرنىڭ ھوزۇرۇڭلارغا سۇنماقچى.

## چېنىقىش ئەقلىنى غىدىقلايدۇ

بۇ ھەم قىزىقارلىق، ھەم كۆتۈلمىگەن چارىدۇر: ئوكسىگېنلىق ھەرىكەت چوڭ مېڭىنىڭ يېتىلىشىنى غىدىقلاپ، ئۆگىنىش ئىقتىدارىمىزنى كۈچلەندۈرەلەيدۇ. تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، چېنىققان بالىلار مەكتەپتە زېھنىنى تېخىمۇ بەك مەركەزلەشتۈرەلەيدىكەن. لېكىن، بۇ جەھەتتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا بار: چېنىقىش ئارقىلىق تولۇق ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن، بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ زورلىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز رازىلىقى بىلەن چېنىقىشى كېرەك.

## ئويناش

ئەركىن ئويناش چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتىنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىشى، ئەستە تۇتۇشى ۋە ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنداقلا، ئۇ يەنە تىل ئىقتىدارى، ماكان خاراكتېرلىق ئەقىل (spatial intelligence ــــ بۇ كىشىنىڭ جىسىملارنىڭ ماكان مۇناسىۋىتىنى ھېس قىلىش، پەرقلەندۈرۈش، ئەستە ساقلاش ۋە ئۆزگەرتىش ھەمدە شۇ ئارقىلىق ئىدىيەسىنى ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ، ت)، يۇقىرى ئېقىنغا ئەقىل ۋە ماتېماتىكا ئىقتىدارىنىمۇ كۈچەيتىدۇ. ئەركىن ئويناش بەرگەن بولسا قانداق ئەھۋال كۆرۈلىدىغانلىقى ھەققىدە مەنتىقىلىق تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى ۋە ماتېماتىكا ئىقتىدارىنىمۇ كۈچەيتىدۇ.

## خىزمەت خاتىرىسى (Working memory) زېھنىي ئەقلىدىن (IQ) مۇھىممۇ؟

يېڭى تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، خىزمەت خاتىرىسى (ئۇچۇرلارنى ۋاقىتلىق ساقلاشقا ئىشلىتىلىدىغان، ئەستە ساقلاش سىغىمى چەكلىك بولغان تونۇش سىستېمىسىدۇر، ت) ئىقتىدارى، يەنى بىز

تەپەككۇر قىلىش ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا پايدىلىنىدىغان «مەنىۋى دەپتەر» ئۆگىنىش نەتىجىمىزنىڭ قانداقراق بولىدىغانلىقىنى زېھنىي ئەقلىدىنمۇ ياخشىراق كۆرسىتىپ بېرەلەيدىكەن.

### قول ئىشارىتى

قول بىلەن ئىشارەت قىلىشنىڭ كىشىنىڭ ئېسىنى ۋە ئۆگىنىش ئىقتىدارىنى ياخشىلىيالايدىغانلىقى توغرىسىدا يېتەرلىك پاكىتلار مەۋجۇت. تونۇش پسىخولوگى سۇسان گولدىن مەدوۋ ( Susan Goldin ـ Meadow) ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى ئىشلىگەن بىر قاتار تەجرىبىلەر بالىلارنىڭ قولى بىلەن ئىشارەت قىلغاندا سۆزلەرنى، ۋەقەلەرنى، ھەتتا ماتېماتىكا دەرسلىرىنى تېخىمۇ ئاسان ئېسىدە تۇتالايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

### ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھوشيارلىقى، رىشتە بىخەتەرلىكى (attachment security) ۋە ئەقىل ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت

بالىلارنىڭ زېھنى ئەقلى بىلەن رىشتە ھالىتى ئارىسىدىكى باغلىنىش ئالىملاقاچان تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتقانىدى. مەسىلەن، ئوتتۇرا بورژۇئازىيە قاتلىمىغا تەۋە 36 نەپەر ئانا بىلەن ئۇلارنىڭ ئۈچ ياشلىق بالىلىرىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، بىخەتەر رىشتىگە ئىگە بالىلارنىڭ ستانفورد ـ بىنېت ئەقىل سىنىقىدىكى (Stanford ـ Binet intelligence test) نەتىجىسى بىخەتەر رىشتىگە ئىگە بولمىغان بالىلارنىڭكىدىن 12 نومۇر يۇقىرى بولغان (كراندېل بىلەن خوبسون، 1999 ـ يىلى).

ئۇنداقتا، بۇ خىل باغلىنىشقا زادى نېمە سەۋەب بولغان؟ بەكرەك ئەقىللىق بالىلار بىخەتەر رىشتىنى تېخىمۇ ئاسان شەكىللەندۈرەلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئەقىللىق بالىلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قىلمىشىنى ئىزاھلاشقا ۋە ئۇنىڭغا ئەگ مۇۋاپىق ئىنكاس قايتۇرۇشقا تېخىمۇ ماھىر بولۇشى مۇمكىن (ۋوتېرس بىلەن ۋالېنزۇلا، 1999 ـ يىلى).

لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىخەتەر رىشتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىنكاسچان پەرزەنت تەربىيەسىنىڭ تونۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ ئىسپاتلار مەۋجۇت.

بالىلارنىڭ نەتىجىسىنىڭ ناچار بولۇش خەۋپى يۇقىرى بولغان ئائىلىلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەجرىبىلەردە، تەتقىقاتچىلار بەزى ئانىلارنى ئىنكاسچان پەرزەنت تەربىيەسى مەشىقىگە قاتناشتۇرغان. نەتىجىدە، بۇ جەھەتتە مەشقلەندۈرۈلگەن ئانىلارنىڭ بوۋاقلىرىنىڭ تونۇش ئىقتىدارى باشقا گۇرۇپپىدىكى ئانىلارنىڭ بوۋاقلىرىغا قارىغاندا تېز ئىلگىرىلىگەن (لاندرىي قاتارلىقلار، 2003 ـ ۋە 2006 ـ يىللىرى).

مەغلۇبىيەتكە كۆنۈككەن روھىي ھالەت: بالىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسىدىغان كۆز قاراشلار

بالىڭىز «ئەقىل دېگەن ئۆزگەرمەيدىغان، تۇراقلىق خۇسۇسىيەتتۇر» دەپ قارامدۇ؟

كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان تەجرىبىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، بىزنىڭ ئەقىل توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىمىز ئۆگىنىش ئىقتىدارىمىزغا توسقۇنلۇق قىلىشى مۇمكىن ئىكەن.

ئەقىلنى ئۆزگەرمەس، تۇراقلىق خۇسۇسىيەت دەپ قارايدىغان كىشىلەر خىرىستىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا مايىل كېلىدۇ. ئۇلار ئۆز خاتالىقلىرىدىنمۇ ئالدىراپ ساۋاق ئالمايدۇ.

بالىڭىز «ماڭا ئوخشاش كىشىلەر ئوقۇشتا ئۆزۈپ چىقالمايدۇ» دەپ قارامدۇ؟

ئەگەر شۇنداق بولسا، ئۇنىڭ بۇ خىل تونۇشى مەكتەپتىكى ئىپادىسىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. گەرچە بۇ ئاڭلىماققا سىياسىي تەشۋىقاتتەك تۇيۇلسىمۇ، لېكىن «قاتمال تونۇش تەھدىتى»نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى دەلىللەيدىغان، تەجرىبىدىن ئۆتكەن نۇرغۇن پاكىتلار مەۋجۇت.

ماختاش بالىڭىزنىڭ ئۆگىنىش ئىقتىدارىغا قانداق بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ؟

ماختاش كۆڭۈلدىكىدەك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولالايدۇ. لېكىن، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە بالىنىڭ خاتا نىشانغا يېپىشىپ قېلىشىغا سەۋەب بولۇشىمۇ مۇمكىن. تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، خاتا تەرزدە ماختالغان بالىنىڭ قىزغىنلىقى سۇسلاپ، مەغلۇپ بولغاندا تولىمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدىكەن.

### ئۇيقۇ بىلەن ئەقلىنىڭ مۇناسىۋىتى

### ئۇيقۇ ۋە ئۆگىنىش

زور مىقداردىكى قايىل قىلارلىق ئىسپاتلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئەگەر بىز ئۆگىنىش قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇخلىساق، ئۆگەنگەنلىرىمىزنى تېخىمۇ ياخشى ئەستە ساقلىيالىشىمىز، شۇنداقلا يېڭىچە قاراشقا ئىگە بولالىشىمىز مۇمكىن (گايىس قاتارلىقلار، 2006 ـ يىلى؛ ۋاگنېر 2004 ـ يىلى).

بۇ جەھەتتە، كۆزلىگەن ئۈنۈمگە يېتىش ئۈچۈن كېچىچە ئۇخلاش شەرت ئەمەس. ئۇيقۇ (كۆز ئالمىسى تېز ھەرىكەتلەنمەيدىغان ئۇيقۇ بولماستىن) ئاستا دولقۇنلۇق بولسىلا، بىرەر سائەت ئۇخلاش ئارقىلىقمۇ ئوخشاش ئۈنۈمگە ئېرىشىش مۇمكىن (مېدنىك قاتارلىقلار 2003 ـ يىلى؛ ئالگېر قاتارلىقلار 2012 ـ يىلى).

بۇ خىل ئۈنۈم ھەم بالىلارنىڭ، ھەم چوڭلارنىڭ ۋۇجۇدىدا دەلىللەنگەن (بەكخاۋس قاتارلىقلار، 2008 ـ يىلى؛ كۇردزىيىل قاتارلىقلار، 2013 ـ يىلى). شۇنىڭ ئۈچۈن، بالىلارنىڭ ئۆگىنىشىنى كۈندۈزلۈك ۋە كېچىلىك ئۇيقۇنىڭ ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئۈنۈمى ياخشىدەك قىلىدۇ.

ئەپسۇسلىنارلىقى، (نورمال مەكتەپلەردىكىدەك) تۈزۈملەشكەن ئۆگىنىش مۇھىتلىرىدا ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى ياخشىلايدىغان چۈشلۈك ئۇيقۇ ئۈچۈن ۋاقىت ئاجرىتىلمىغان. بۇ جەھەتتە ئۇيىدە ئۆگىنىدىغان ۋە ئۆگىنىش ۋاقتىنى ئەركىن ئورۇنلاشتۇرالايدىغان بالىلار روشەن ئەۋزەللىككە ئىگىدەك قىلىدۇ.

ئۆيقۇ بىلەن تونۇش ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىياتى ئارىسىدىكى باغلىنىش

ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇيقۇ يېتەرسىزلىكى تونۇش ئىقتىدارىغا ئۇزۇن مۇددەتلىك سەلبىي تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.

كانادادىكى بالىلارنى ئىككى يېرىم ياشتىن ئالتە ياشقىچە ئىز قوغلاپ تەكشۈرگەن بىر تەتقىقاتتا، تەتقىقاتچىلار تەمتىلەپ مېڭىشنى ئۆگىنىۋاتقان جەرياندا ئۇيقۇسى ياخشى بولمىغان بوۋاقلارنىڭ ئالتە ياشقا كىرگەن چاغدىكى نېرۋا تەرەققىياتى سىنىقىدا ئىپادىسىنىڭ نىسبەتەن ناچار بولغانلىقىنى بايقىغان (تووۋشېت قاتارلىقلار، 2007 ـ يىلى).

بالىلار ئۈچ ياشقا كىرگەندىن كېيىن ئۇيقۇسى ياخشىلانغان تەقدىردىمۇ، ئەھۋال يەنىلا يۇقىرىقىدەك بولىدۇ. بۇ ھەقتە، تەتقىقاتچىلار بالىلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۇيقۇ يېتەرسىزلىكىنىڭ سەلبىي تەسىرى ئالاھىدە كۈچلۈك بولىدىغان «ھالقىلىق مەزگىل» بار بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىشماقتا (تووۋشېت قاتارلىقلار، 2007 ـ يىلى).

ماتېماتىكا، مەنتىقە ۋە تەنقىدىي تەپەككۇر

ستەينىسلاۋس دېھانې (Stanislaus Dehaene) تونۇش ئىلمىدىكى، شۇنداقلا مېڭىنىڭ ماتېماتىكىلىق فۇنكسىيەسى جەھەتتىكى مۇتەخەسسىستۇر.

ئۇنىڭ قارىشىچە، نۇرغۇن بالىلار سان تۇيغۇسى شەكىللەندۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈلمىگەنلىكى سەۋەبلىك، ئۇلارنىڭ ماتېماتىكا ماھارىتى ناچار بولىدىكەن.

ئۇنداقتا مەنتىقىچۇ؟ تەجرىبىلىك تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، تەنقىدىي تەپەككۇر جەھەتتىكى — ئۇللۇق مەنتىقە، قىياسەن تەكشۈرۈش ۋە ئىلمىي يەكۈن چىقىرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان — ئوچۇق كۆرسەتمە بالىلارنىڭ زېھنىي ئەقلىنى كۈچلەندۈرەلەيدىكەن. ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ خىل دەرسلىكلەر نۇرغۇن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئورتاق دەرسلىك قىلىنمىغان، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

ماكان خاراكتېرلىق ئەقىل (spatial intelligence)

ماكان خاراكتېرلىق ئەقىل فىزىكا بىلەن ئىنژېنېرلىقتىن تارتىپ، سەنئەتكىچە بولغان نۇرغۇن ساھەلەردە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا پەۋقۇلئاددە مۇھىم. گەرچە بالىلىقنىڭ ماكانغا ئالاقىدار ۋەزىپىلەردىكى ئىپادىسىدە ئىرسىيەت ئامىلى مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن تولىمۇ روشەنكى، مائارىپ كەچمىشىمۇ مەزكۇر ئىقتىدارغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.

**ئەركىن تاللاش**

ئەگەر باللار ئۆزى قىلىدىغان ئىشلارنى ئۆزى تاللىيالىسا، شۇ ئىشنى قىلىشقا بولغان ئىستىكى ئېخىمۇ زور، قىلغان چاغدىكى ئىپادىسى ئېخىمۇ ياخشى بولىدۇ (ئاپېنگېر بىلەن لېپپېر، 1999 ـ يىلى).

يۇقىرى ھۆكۈم بىر قىسىم ئامېرىكالىق باللارغا نىسبەتەن كۆچكە ئىگە. لېكىن، ئەمەلىيەت بۇ خىل تەسىرنىڭ كۈلتۈرگە ئاساسەن پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئېنگلىز نەسلىلىك ئامېرىكالىقلارنىڭ پەرزەنتلىرى بىلەن ئاسىيا نەسلىلىك ئامېرىكالىقلارنىڭ پەرزەنتلىرى سېلىشتۇرۇلغان بىر تۈرلۈك تەتقىقاتتا كۆرستىلىشىچە، گەرچە ئېنگلىز نەسلىلىك ئامېرىكالىقلار ئۆزلىرى تاللىغان ۋەزىپىنى ئادا قىلىشقا بەكرەك مايىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئاسىيا نەسلىلىك ئامېرىكالىقلارنىڭ ئىشەنچىلىك ۋە نوپۇزلۇق كىشىلەر ياكى ئۆز تەڭتۇشلىرى تاللاپ بەرگەن ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلغان چاغدىكى ئىستىكى ئېخىمۇ كۈچلۈك بولغان (ئاپېنگېر بىلەن لېپپېر، 1999 ـ يىلى).

ئۇنداقتا، زادى باللار ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى تاللىسا ياخشىمۇ ياكى باشقىلار تاللاپ بەرسىمۇ؟ دەرسخانىدىكى ئۆگىنىشكە قارىتا، بۇنىڭ ھەممىباب جاۋابى يوق. بەزى ئوقۇغۇچىلارغا تاللاش پۇرستى بېرىلگەندە، ئۇلار تولىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلالىشى مۇمكىن. لېكىن، يەنە بەزى ئوقۇغۇچىلار بۇنىڭدىن ئەندىكىشى مۇمكىن.

**مەنبە:**

https://parentingscience.com/intelligence/




# تۈركىيە-سەئۇدى ئەرەبىستان مۇناسىۋەتلىرى

ئەجە گۆكسەدەف

# سەئۇدىي ۋەلىئەھدىنىڭ تۈركىيە زىيارىتىدىن ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ كەلگۈسىگە نەزەر

ئەجە گۆكسەدەف

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ تەخت ۋارىسى ۋە ئەمەلىي ھۆكۈمدارى مۇھەممەد ئىبنى سالمان 21-ئىيۇن ئەنقەرەدە تۈركىيە پرېزىدېنتى رەجەپ تاييىپ ئەردوغان بىلەن كۆرۈشتى.

ئەردوغان مۇھەممەد ئىبنى سالماننى پرېزىدېنتلىق سارىيىدا، رەسمىي مۇراسىم بىلەن قارشى ئالدى. ئىككىيلەننىڭ ئۇچرىششىدىن كېيىن، ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئۇچرىششى باشلاندى. ئاندىن ئىككى رەھبەر بىللە غىزالاندى.

يىغىندىن كېيىن ئېلان قىلىنغان يازما باياناتتا: «پرېزىدېنت رەجەپ تاييىپ ئەردوغان بىلەن ۋەلىئەھدى شاھزادە مۇھەممەد ئىبنى سالمان ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئەلسەئۇد ئوتتۇرىسىدىكى رەسمىي ئۇچرىشش ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇكەممەل مۇناسىۋەتنىڭ چوڭقۇرلىقىنى گەۋدىلەندۈردىغان سەمىمىي ۋە قېرىنداشلارچە كەيپىيات ئىچىدە ئۆتكۈزۈلدى» دېيىلدى.

تۈركىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى مەۋلۈت چاۋۇشئوغلى ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانلىق مەنسەپدىشى شاھزادە فايسال ئىبنى فەرخان ئەلسەئۇدنىڭ ئىمزاسى بىلەن ئېلان قىلىنغان باياناتتا بولسا «ئىككى دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي، بىخەتەرلىك ۋە كۇلتۇرەل مۇناسىۋەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قوش تەرەپلىك مۇناسىۋىتىدىكى ھەمكارلىقنىڭ يېڭى دەۋرنى باشلاشتىكى ئورتاق ئىرادىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك رەۋىشتە تەكىتلەنگەنلىكى» بىلدۈرۈلدى.

مەبلەغ سېلىش پۇرسەتلىرى

باياناتتا يەنە «ئۆزئارا سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە كۆپ خىللاشتۇرۇش، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى تەرەپلىك سودىغا قولايلىق يارىتىش ۋە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش، مەبلەغ سېلىش پۇرسەتلىرىنى قېزىش ۋە ئۇلارنى ھەر قايسى ساھەلەردىكى كونكرېت ھەمكارلىققا ئايلاندۇرۇش مۇمكىنچىلىكى» تەكىتلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «ئىككى تەرەپ سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ <2030-يىلى تەسەۋۋۇرى> مەبلەغ سېلىش، سودا، ساياھەتچىلىك، تەرەققىيات، سانائەت، كانچىلىق، قۇرۇلۇش تۈرلىرى، قاتناش-ئۇل مۇئەسسەسە (قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، دېھقانچىلىق، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى، ساغلاملىق، ئالاقە-ئۇچۇر تېخنىكىسى، تاراتقۇ ۋە تەنتەربىيە قاتارلىق ساھەلەردە تەمىنلەيدىغان پۇرسەتلەرنى تەكىتلەشتى» دېيىلدى.

باياناتتا يەنە: «ئىككى دۆلەتنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى خۇسۇسىدا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، رايوندا (يەنى ئوتتۇرا شەرقتە) بىخەتەرلىك ۋە مۇقىملىق بەرپا قىلىنىشىغا تۆرتكە بولىدىغان رەۋىشتە دۆلەت مۇداپىئە ساھەسىدە ئىككى دۆلەت ئارىسىدا ئىمزالانغان كېلىشىملەرنى ئاكتىپلاشتۇرۇشتا ئورتاق پىكىر ھاسىل قىلىندى» دېيىلدى ۋە شۇلار ئىلاۋە قىلىندى:

«ئىككى تەرەپ ئەدلىيە ھەمكارلىقىنى ياخشىلاش ھەمدە قانۇن ۋە ئەدلىيە ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەرئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا ئورتاق پىكىر ھاسىل قىلدى.»

«ئىككى تەرەپ ساياھەت ساھەسىدىكى ھەمكارلىقنى ۋە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ساياھەتچىلىك پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇرۇش، ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ ساياھەت يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش، شۇنداقلا ساياھەتچىلىككە ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا نەپ يەتكۈزىدىغان <سجىل ساياھەتچىلىك>كە مۇناسىۋەتلىك ئورتاق پائالىيەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى.»

«ئىككى تەرەپ دۆلەتلىك ئاۋىياتسىيە ئاپپاراتلىرى ئارىسىدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش، ئاۋىياتسىيە شىركەتلىرىنىڭ تىجارىتى ئۈچۈن مەمۇرىي رەسمىيەتلەرنى ئاسانلاشتۇرۇش ۋە ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى نۆۋەتچى ئايروپىلان سانىنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى.»

«ئىككى تەرەپ ساغلاملىق ساھەسىدە ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى مەۋجۇت ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ئىرادىسىنى تەكىتلىدى ھەمدە ساغلاملىقتا مەبلەغ سېلىش جەھەتتىكى ھەمكارلىق پۇرسىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشتە ئورتاق پىكىر ھاسىل قىلدى.»

«ئىككى تەرەپ ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ خەلقلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە ھەسسە قوشىدىغان ۋە ھەرقايسى قاتلاملارغا بىردەك نەپ يەتكۈزىدىغان شەكىلدە رايوننىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىدە، تارىخىي قېرىنداشلىق ئاساسىدا ھەمكارلىقنى داۋاملىق كۈچەيتىش ئىرادىسىنى تەكىتلىدى.»

## ئىككى ئاي ئىچىدە ئارقىمۇ ئارقا ئېلىپ بېرىلغان ئىككى قېتىملىق زىيارەت

مۇھەممەد ئىبنى سالماننىڭ ئۆزۈن يىللار داۋاملاشقان جىددىيلىكتىن كېيىنكى ئەنقەرە زىيارىتى تۈركىيە ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يېقىنقى ئايلاردا تۈركىيە لىراسىنىڭ رېكورت ياراتقان سەۋىيەدە كۆرسىنى يوقىتىشى ۋە يىللىق رەسمىي پۇل پاخاللىقىنىڭ يەتمىش پىرسەنتتىن ئېشىپ كېتىشى قاتارلىق ئېغىر ئىقتىسادىي مەسىلىلەر بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان تۈركىيەگە نىسبەتەن، مول يەر ئاستى بايلىقىغا ئىگە سەئۇدىي ئەرەبىستاندىن كەلگەن مەبلەغ قىسقا مۇددەت بولسىمۇ ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.

ئۇكرائىنا ئۇرۇشى سەۋەبلىك نېفت باھاسىنىڭ ئۆسۈشى نەتىجىسىدە، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ بۇ يىللىق دارامىتىنىڭ 400 مىليارد دوللاردىن ئېشىپ كېتىشى مۆلچەرلەنمەكتە. شۇ ۋەجىدىن، سەئۇدى ئەرەبىستانمۇ چەتئەلگە سالىدىغان مەبلىغىنى ئاشۇرۇش پۇرسەتلىرى ئۈستىدە ئىزدەۋاتىدۇ.

پرېزدېنت ئەردوغان 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا سەئۇدى ئەرەبىستانىنى زىيارەت قىلغان، شۇنداقلا مەزكۇر زىيارەتتىن ئىلگىرى، تۈركىيە ئەمەلدارلىرى سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى مەنسەپداشلىرى بىلەن سودا ۋە ئېنېرگىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قايسى ساھەلەردە كېلىشىم ۋە ئەھدىنامە ئىمزالاش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇرۇنۇشلىرى ئوڭۇشلۇق بولمىغانىدى.

لېكىن، ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستانغا نىسبەتەنمۇ ۋەزىيەت پەرقلىق. ئامېرىكا پرېزدېنتى جوۋ بايدېن 7 ـ ئايدا سەئۇدى ئەرەبىستانىنى زىيارەت قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۇكرائىنا ئۇرۇشى سەۋەبلىك قاتتىق ئىقتىسادىي جازاغا ئۇچرىغان رۇسىيەنىڭ ئېنېرگىيەسىگە تايىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن، سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە نېفتكە باي پارس قولتۇقى دۆلەتلىرىنىڭ ئېنېرگىيە تەمىناتىنى ئاشۇرۇشىنى تەلەپ قىلىش بايدېننىڭ مەزكۇر زىيارىتىدىكى ئەڭ مۇھىم كۈنتەرتىپلەردىن بىرىدۇر.

مۇھەممەد ئىبنى سالمان بايدېن ھۆكۈمىتىگە ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى باش رولچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشنى كۈيىدا

مۆلچەرلەنگىنىنىڭ ئەكسىچە، بايدېن مەزكۇر زىيارەتتە مۇھەممەد ئىبنى سالمان بىلەن يالغۇز سۆھبەتلەشمەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

مۇھەممەد ئىبنى سالمانمۇ سەئۇدى ئەرەبىستانلىق ئاخباراتچى جامال خاشىقجىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى سەۋەبلىك ئۆزى بىلەن ئارىلىق ساقلاۋاتقان، ھەم سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ رايونلۇق رەقىبى بولمىش ئىران بىلەن يادرو قوراللىرى توغرىسىدىكى مۇزاكىرىنى قايتىدىن باشلىغان بايدېننىڭ زىيارىتىدىن ئىلگىرى رايوندىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتتى.

مۇھەممەد ئىبنى سالمان تۈركىيەگە كېلىشتىن ئىلگىرى مىسىر بىلەن ئىئوردانىيەنى زىيارەت قىلىپ، بۇ دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرى بىلەنمۇ كۆرۈشتى. سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ رەسمىي باياناتىغا كۆرە، «بايدېننىڭ زىيارىتىدىن ئىلگىرى تۈتۈمىنى ماسلاشتۇرۇش ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇش مەقسىتىدە» ئېلىپ بېرىلغان بۇ زىيارەتلەردىن كېيىن، مۇھەممەد ئىبنى سالمان ئېنېرگىيە تورۇبا لىنىيەلىرى ئارقىلىق مەزكۇر رايوندىكى يەنە بىر ئېنېرگىيە مەركىزىگە ئايلىنىش يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە تۈركىيەگە بارغان.

مۇھەممەد بىن سالمان راستىلا بايدېننىڭ زىيارىتىدىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ بۇ رايوندىكى باش رولچى ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىشنىڭ كويىدىمۇ؟

سىنگاپور دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا شەرق ئىنستىتۇتىدىكى دوكتور جېيمىس دورسېي شۇنداق دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ قارىشىچە بۇ ئارقىلىق تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئارزۇ قىلغان يېقىنلىشىشنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

«بۇ ئېنېرگىيە ياكى تىجارەت كېلىشىمى مەسىلىسى ئەمەس، مەيلى بۇ زىيارەتتە مۇشۇنداق كېلىشىملەر ئىمزالانسۇن ياكى ئىمزالانمىسۇن، مەنچە مۇھەممەد ئىبنى سالمان تۈركىيەدىن بىر قانچە نەرسىگە ئېرىشىشنى ئويلايدۇ. شۇلاردىن بىرى بايدېنغا قارشى كوزىرىنى كۈچەيتىشتۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشلارغا پۈتلىكاشاڭ بولغانلىقىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنى قايتىدىن بەرپا قىلالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىشنى خالايدۇ» دېدى. ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ رەھبىرى ئىكەنلىكىنى، بايدېننىڭ بۇ دۆلەتنىڭ رەھبىرىنى ياخشى كۆرۈش-كۆرمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر، بۇ دۆلەتكە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇۋاتىدۇ» دەيدۇ ئۇ.

**سەئۇدى ئەرەبىستان ئامېرىكانىڭ تەسىرى ئاجىزلاشقان يېڭى دەۋردە رايونلۇق كۈچلەر بىلەن بولغان سوغۇقچىلىقنى ھەل قىلىشنىڭ كويىدا**

«پارس قولتۇقى ئەللىرى تەھلىلى»ناملىق ئاقىللار ئامبىرىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى گىئورگىيو كافىيرونىڭ (Giorgio Cafiero) قارىشىچە، مۇھەممەد ئىبنى سالماننىڭ تۈركىيە زىيارىتىمۇ، بايدېننىڭ سەئۇدى ئەرەبىستان زىيارىتىمۇ ئوخشاشلا جامال خاشوقجى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى تونۇشنى ئۆزگەرتىشتىكى مۇھىم قەدەملەردۇر. ئۇ بۇ ھەقتە شۇنداق دەيدۇ:

«يەر شارى ئېنېرگىيە بازىرى قالايمىقانلاشقان بىر پەيتتە، سەئۇدى ئەرەبىستان ھەم يەرشارىۋى، ھەم رايونلۇق رولچىلارغا ئۆزىنىڭ <كرىزىس مەزگىلىدە ھەممە ئادەم ھەمكارلاشمىسا بولمايدىغان دۆلەت> ئىكەنلىكىنى ئەسلەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ.»

«سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ تۈركىيە بىلەن يېقىنلىشىشىدا بىر قانچىلىغان ئامىللارنىڭ تەسىرى بار: پارس قولتۇقى ئەللىرىنىڭ ئامېرىكانىڭ <بىخەتەرلىك كاپالەتچىسى>لىك رولىغا بولغان ئىشەنچىسىنىڭ تۆۋەنلىشى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە باشقا پارس قولتۇقى ئەللىرىنىڭ ئامېرىكانىڭ تەسىرى ئاجىزلىغان يېڭى بىر دەۋرگە تەييارلىق قىلىشى شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىق ئامىللاردىندۇر. ئامېرىكانىڭ تەسىرى ئاجىزلىغان بۇ يېڭى دەۋردە، سەئۇدى ئەرەبىستان رايوندىكى كۈچلەر بىلەن بولغان سوغۇقچىلىقنى تۈگىتىشنى ۋە ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشنى خالايدۇ.»

دورسېينىڭ قارىشىچە، ھەم بايدېن ھۆكۈمىتىگە، ھەم ئىرانغا قارشى تەرەققىي قىلدۇرماقچى بولغان رايون ھەمكارلىقى جەھەتتە، مۇھەممەد ئىبنى سالمان ئەردوغان بىلەن بولغان ئىككىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىشىدا تېخىمۇ كونكرېت ئىجابىي قەدەملەرنى تاشلىيالايدۇ:

«ئەردوغان ئىككى مۇھىم قەدەم تاشلىدى. بىرى، ئۇ تۈركىيىدە جامال خاشۇقجىنىڭ قاتىللىق دېلوسىنى ئاخىرلاشتۇردى. يەنە بىرى، (يېقىنقى يىللاردىن بۇيان) سەئۇدى ئەرەبىستانىنى تۇنجى قېتىم زىيارەت قىلدى. ئەمما، بىز ئۇنى كۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشتى دېيەلمەيمىز. تۈركىيە ئۆزئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، كونكرېت قەدەم ئېلىنىشىنى كۈتىدۇ. مۇھەممەد ئىبنى سەلمان مەزكۇر زىيارەتتە بۇ تەلەپلەرگە ئىجابىي ئىنكاس قايتۇرسا، ‹مەن ئۆزۈمنىڭ مەسىلە ھەل قىلغۇچى ۋە مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ رەھبىرى ئىكەنلىكىمنى نامايەن قىلدىم› دەپ قارايدۇ.»

### تۈركىيەنىڭ ئېنېرگىيە مەركىزىگە ئايلىنىش نىشانى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قىبرىس ئارىلى ئارقىلىق شەرقىي ئوتتۇرا دېڭىزدىن ياۋروپاغا تەبىئىي گاز توشۇش تۇرى، شۇنداقلا مىسىر، گرېتسىيە، قىبرىس ۋە ئىسرائىلىيە قاتارلىق رايون ئەللىرى ئارا ئىسرائىلىيەنىڭ تەبىئىي گېزىنى توشۇش ئۈچۈن ئىمزالانغان «EastMed» تۇرۇبا لىنىيەسى كېلىشىمى تۈركىيەنىڭ ئېترازىغا دۇچ كەلگەندى. ھالبۇكى، ئامېرىكا يېقىندا بۇ كېلىشىمنى قوللاشتىن ۋاز كەچكەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

ھازىر تۈركىيە ئۆزىنىڭ ئىراقنىڭ، ھەتتا ئىسرائىلىيەنىڭ يەر ئاستى بايلىقلىرىنىڭ مەۋجۇت تۇرۇبا لىنىيەلىرى ئارقىلىق ياۋروپاغا يەتكۈزۈلۈشىدە مۇھىم رول ئوينىيالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

بۇ جەھەتتە، سەئۇدى ئەرەبىستان مىسىر بىلەن تۈركىيەنىڭ يېقىنلىشىشىنى ئاسانلاشتۇرالايدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، مۇھەممەد ئىبنى سەلماننىڭ ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان رايونلۇق زىيارەت پىلانىدىكى گرېتسىيە ۋە قىبرىسقا بېرىشنى كېيىنگە سۈردى. يەنى تۈركىيە بىلەن ھەمكارلىشىپ كونكرېت قەدەملەرنى بېسىشنى خالايدىغان ۋەلىئەھدى ئەردوغاننىڭ ئېترازىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۇ ئىككى دۆلەتكە قىلىنىدىغان زىيارىتىنى كېچىكتۈردى.

دوكتور دورسىپي سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى بىلەنمۇ رىقابەت ئىچىدە ئىكەنلىكىنى، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ تۈركىيە بىلەن بولغان يېرىكچىلىكنى ھەل قىلغانلىقىنى ھەمدە ئۆزئارا مەبلەغ سېلىش ۋە ئالماشتۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالىغانلىقىنى ئەسكەرتتى، شۇنداقلا ئەمدى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭمۇ تۈركىيە بىلەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كېلىشىملەرنى ئىمزالاشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈردى.

تۈركچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://www.bbc.com/turkce/haberler-turkiye-61888998



# مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپلارنىڭ نادىر سۆزلىرىدىن ئۆرنەكلەر

# پەيلاسوپلاردىن نەقىللەر

**تەھرىردىن ئىلاۋە:**

غەرب پەلسەپىسى ئاجايىپ پىكىرلەرگە، ئىجادچانلىققا، زىتلىقلارغا، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىمەنىلىككە تولغان تەپەككۇر مەھسۇلاتى بولۇپ، بۈگۈنكى غەرب جەمئىيىتىنىڭ قىممەت قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە مىڭ يىللار مابەينىدىكى غەرب پەيلاسوپلىرىنىڭ ئوي-پىكىرلىرى ۋە دۇنيانى شەرھلىشى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. غەرب پەلسەپىسى غەربنىڭ ياۋايىلىقتىن، زۇلمەتتىن ۋە خرىستىئان چېركاۋىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. غەربنىڭ بەزى پەلسەپىۋى ئېقىملىرى مەسىلە ھەل قىلىش يولىدا مەسىلە پەيدا قىلغان بولسا، بەزى پەلسەپىۋى ئېقىملىرى مەسىلە ھەل قىلىش ئورۇنىشىدا بولغان. شۇڭا، بىز غەرب پەلسەپىسىگە زامان-ماكان چەك-چېگراسى ئاساسىدا ئوبيېكتىپ مۇئامىلە قىلىمىز. ئۇنى مۇتلەق ئەگكۈشتەر سۈپىتىدە باش تاجىمىز قىلىپ تاقىۋالمايمىز. شۇنداقلا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان سەپسەتە سۈپىتىدە ئاياقلىرىمىز ئاستىدا چەيلىمەيمىز. ئاڭ، پىكىر ۋە ھەرىكەتتىكى مۇستەقىللىقنى تەرغىپ قىلىش كلاسسىك غەرب پەيلاسوپلىرى كۆپ توختالغان تېمىلاردىن بىرى بولۇشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. ئاڭ، پىكىر ۋە ھەرىكەتتىكى مۇستەقىللىق دەل ئۇيغۇرلار ۋە شۇ تىپتىكى شەرق خەلقلىرىگە غەرب پەلسەپىسىگە تەقلىد قىلغان ئاساستا نەزەر سېلىشتىن، ئۆز مەۋجۇتلۇقىمىزغا ۋە دۇنياغا غەرپ پەيلاسوپلىرىنىڭ كۆزى بويىچە نەزەر سېلىشنى ھەقىقەت دەپ قارىۋېلىشىمىزدىن ئۇزاق تۇرۇشنى تەقەززا قىلىدۇ.

تۆۋەندە ئونلىغان غەرب پەيلاسوپلىرىنىڭ نەقىللىرى مەۋجۇت بولۇپ، بۇ نەقىللەر مۇتلەق ھەقىقەت بولمىغانلىقتىن، ھەر زامان ھەر ماكاندا قوبۇل قىلىنىشى ۋە ئەگىشىلىشى كېرەك بولغان مىزان ھېسابلانمايدۇ. غەرب پەيلاسوپلىرى قانداق پىكىر قىلىدۇ؟ ئۇلار بىلەن بىزدىكى پىكىر قىلىش جەھەتتىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەر قايسى؟ ئوقۇرمەنلىرىمىز مۇشۇ جەھەتلەردە ئويلىنىپ باقالىسا، بۇ مەزمۇننىڭ روياپقا چىقىشىدىكى مەقسەت ھاسىل بولغان بولىدۇ.

***

**بىز — ئۆزىمىزنىڭ ئىزچىل قىلغانلىرىمىزدىن ئىبارەتمىز. ئۇنداق ئىكەن، ئېسىل ۋە ئۈستۈن بولۇش ئىش-ھەرىكەت ئەمەس، ئىزچىل داۋاملاشتۇرىدىغان ئادەتتۇر.**

— ئارىستوتېل

**پەن — سەن بىلىدىغان نەرسىلەردۇر. پەلسەپە بولسا سەن بىلمەيدىغان نەرسىلەردۇر.**

— بېرتراند رۇسېل

**بىر پەيلاسوپ تايىنىپ تۇرۇپ قىلالايدىغان بىردىنبىر ئىش بار، ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ باشقا پەيلاسوپلارغا زىت پىكىر ـ چۈشەنچىلەردە بولۇشىدۇر.**

— ۋىلىيام جېيمس

**ئويلىنىمەن، شۇڭا مەن مەۋجۇت.**

— دېكارت

**ئۇرۇش — كىمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئەمەس، پەقەتلا كىمنىڭ ۋاز كېچىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ.**

— بېرتراند رۇسېل

**ياش چېغىمدا ئەقىللىق كىشىلەرگە ھەۋەس قىلاتتىم. قېرىغان مۇشۇ پەيتلىرىمدە دۇرۇست كىشىلەرگە ھەۋەس قىلماقتىمەن.**

— ئابراھام ھېشىل

**نەزەرىيە ئاساسى بولمىغان تەجرىبە — ئەمادۇر. بىراق، تەجرىبە ئارقىلىق ھاسىل بولمىغان نەزەرىيە ئەقلىنىڭ ئويناپ ـ چېپىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.**

— كانت

**گۈزەللىكنىڭ ئەڭ نوچىسى رەسىم ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان گۈزەللىكتۇر.**

— فرانسىس بېيكن

**بىز ئىنسان بالىسى ئۆلگەن چاغدا ئەمەس، ئۇ تۇغۇلغان چاغدا يىغلىشىمىز لازىم.**

— مونتېسكيۇ

**مائارىپنىڭ ئەڭ مۇھىم مەقسىتى بىلىم ئەمەس ھەرىكەتتۇر.**

— سپېنسېر

**قانۇن تۈزىدىغىنى ئەقىل ـ پاراسەت ئەمەس ھوقۇقتۇر.**

— توماس ھوبس

چىداشلىق بىرىش ئاچچىقتۇر، ئەمما ئۇنىڭ مېۋىسى تاتلىقتۇر.

— روسسۇ

ھەر قانداق دۆلەتنىڭ ئاساسى — شۇ دۆلەتنىڭ ياشلىرىنىڭ مائارىپ تەربىيىسى ئېلىشىدۇر.

— دىئوگېن

ئالەمشۇمۇل، ئۇلۇغ ئويلاردا بولغۇچىنىڭ خاتالىقمۇ ئالەمشۇمۇل، چوڭ بولىدۇ.

— دېكارت

مېنىڭ دەۋرىمدىكى ئەڭ بۈيۈك بايقاش — ئىنسان بالىسىنىڭ ئۆز ھاياتىنى ئۆز پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىدۇر.

— ۋىلىيام جېيمس

بىزنىڭ ھەقىقىي رەۋىشتىكى تەخىرسىز بىر پەلسەپۋىي مەسىلىمىز بار، ئۇ بولسىمۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتۇر.

— ئالبېرت كەمۇ

ھېچكىشىنىڭ بىلىمى ئۇنىڭ تەجرىبىسىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ.

— جون لوك

ئىنسان ھەتتاكى باشقىلارغا ئۆگىتىۋاتقان تەقدىردىمۇ ئۆگىنىش ھالىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

— سېنىكا

بىرلا ياخشىلىق بار، ئۇ بولسىمۇ بىلىمدۇر؛ بىرلا رەزىللىك بار، ئۇ نادانلىقتۇر.

— سوقرات

بوش ۋاقىت — پەلسەپەنىڭ ئانىسىدۇر.

— توماس ھوببىس

پەلسەپە — تىلنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئەقلىمىزنىڭ ئەپسۇنلىنىشىغا قارشى كۆرەش قىلىشتۇر.

— لۇدۋىك ۋىتتگىنستېيىن

**مەن بىلىدىغان بىردىنبىر ئىش ئۆزۈمنىڭ ھېچ ئىشنى بىلمەيدىغانلىقىدۇر.**

— سوقرات

**ئىنسان ھۆر تۇغۇلغان ئىدى. بىراق، ئۇ ھەر يەردە زەنجىر ـ كىشەن ئاستىدىدۇر.**

— روسسۇ

**دۈشمىنى يەر چىشلەتكەن كىشىلا باتۇر كىشى ھېسابلانمايدۇ. باتۇر كىشى ئۆز راھەت ـ پاراغىتىنى يەڭگەن كىشىدۇر.**

— دېموكرىت

**بىز پەقەت ئەقىلگە تايىنىپلا ھەقىقەتنى تېپىشتا بەكلا ئاجىزمىز.**

— ئاۋگۇستىن

**مەن بىزنىڭ نېمىشقا بۇ دۇنياغا كەلگىنىمىزنى بىلمەيمەن. بىراق، شۇنى ناھايىتى ياخشى بىلىمەنكى، بىز دۇنياغا ئۆزىمىزدى بار نەرسىلەر ئارقىلىق ئىستراھەت سۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن ئەمەسمىز.**

— ۋىتتگىنستېيىن

**بەخت ئەخلاق ـ پەزىلەتنى ئاساس قىلغان ئىش ـ ھەرىكەتلەر ئارقىلىق روياپقا چىقىدۇ. بەختنىڭ ئەڭ ئۈستۈنى ئەڭ ئۈستۈن پائالىيەت ئارقىلىق روياپقا چىقىدۇ. ئۈستۈن بەختنى روياپقا چىقىرىدىغان بۇ ئۈستۈن پائالىيەت — تەپەككۇر قىلىشتۇر.**

— ئارىستوتېل

**پەيلاسوپلار كۆنىمىزگە قەدەر پەقەتلا دۇنيانى ھەر خىل ئۇسۇلدا شەرھلەپ كەلدى. بىراق، ئىشنىڭ نېگىزى — دۇنيانى ئۆزگەرتىشتۇر.**

— كارل ماركس

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى


ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا
مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە ـ ھادىسىلەر
(2022 -يىلى 5 – ئاينىڭ 30 – كۈنىدىن 6 – ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە)

# ئايلىق خەۋەرلەر

(2022 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن، 2022 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگىچە)

## ۋولكسۋاگېن شىركىتىنى خىتاي بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىدىغانلىقنى بىلدۈردى

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 1 ـ ئىيۇندىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، «ۋولكسۋاگېن» شىركىتىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى ھېربېرت دىيېس گېرمانىيەدىكى «RTL» قانىلىغا ئۆز شىركىتىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر ۋاقىتتا تەمىنات زەنجىرىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىلمىغان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئۇ: «خىتاي داۋاملىق ھالدا ئىقتىسادىي ئېشىشنىڭ باشلامچىسى بولىدۇ، شۇڭا بىز خىتاي بىلەن تېخىمۇ زىچ ھەمكارلىشىمىز» دېگەن.

ھالبۇكى، گېرمانىيەنىڭ ئىقتىساد مىنىستىرى خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى سەۋەبىلىك، «ۋولكسۋاگېن» شىركىتىنىڭ خىتايدىكى تىجارىتىنى يېتەرلىك مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

«ۋولكسۋاگېن»غا ئوخشاش شىركەتلەرنىڭ خىتاينىڭ جىنايەتلىرىدىن ئېنىق خەۋەردار بولۇپ تۇرۇقلۇق، يەنىلا ئۇنىڭ بىلەن بولغان ھەمكارلىقتىن مېھرىنى ئۈزەلمەسلىكى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ۋە پائالىيەتچىلىرى تەرىپىدىن ئېغىر تەنقىدلىنىپ كەلمەكتە.

## خىتاينىڭ دۆلەت تاراتقۇسى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاتالمىش «تېرورلۇق»قا ئالاقىدار يېڭى ھۆججەتلىك فىلىملەرنى ئېلان قىلىشقا باشلىدى

«aninews» تورىنىڭ 1 ـ ئىيۇندىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاينىڭ دۆلەت تاراتقۇسى بولمىش «خىتاي خەلقئارالىق تېلېۋىزىيە تورى» (CGTN) شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتالمىش «تېرورلۇق» قىلمىشىنى تېما قىلغان يۈرۈشلۈك ھۆججەتلىك فىلىملەرنى ئېلان قىلىشقا باشلىغان.

مەلۇم بولۇشىچە، مەزكۇر يۈرۈشلۈك فىلىملەرنىڭ تۇنجىسى مۇشۇ يىل 31 ـ ماي «خىتاي خەلقئارالىق تېلېۋىزىيە تورى»نىڭ يۇۋتيۇب قانىلىدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، مەزكۇر فىلىمدە خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئاتالمىش «تېرورلۇق» ۋەقەلىرى ئاساسىي تېما قىلىنغان ۋە ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كەلگىنىدەك، ھېچقاچان مەۋجۇت بولمىغان ئاتالمىش «تېرورلۇق» قىلمىشلىرى «ئۈچ خىل كۈچلەرنىڭ قىلمىشى» دەپ جار سېلىنغان.

ئىگىلىنىشىچە، مەزكۇر ۋىدىيو خىتاينىڭ دۆلەت ئىچىدە تارقىتىلمىغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ چەتئەللىك كۆرۈرمەنلەرنى نىشان قىلغان، خىتايغا پايدىلىق جامائەت پىكرى شەكىللەندۈرۈش ئۇرۇنۇشىنىڭ بىر قىسمى

ئىكەنلىكىنى كۆرستىدىكەن. شۇنداقلا، بۇ فىلىمنىڭ ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېتنىڭ شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىدىن كېيىنلا ئېلان قىلىنىشىمۇ بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدىكەن.

گەرچە ھۆججەتلىك فىلىمنىڭ قاچان ئىشلەنگەنلىكى ئېنىق بولمىسىمۇ، فىلىمدىكى تەپسىلاتلاردىن ئۇنىڭ مۇشۇ يىل 12-مايدا تاماملانغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە.

## ئامېرىكا شەرقىي تۈركىستانغا چېتىشلىق ئىمپورت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى چەكلەش ئالدىدا تۇرماقتا

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 2-ئىيۇندىكى خەۋىرىگە كۆرە، شۇ كۈنى بايدېن ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئامېرىكاغا ئىمپورت قىلىنىشىنى چەكلەيدىغان، پرېزىدېنت جوۋ بايدېن تەرىپىدىن بۇلتۇر دېكابىردا ئىمزالانغان «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»نىڭ مۇشۇ ئاينىڭ 21-كۈنىدىن باشلاپ رەسمىي كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى جاكارلىغان.

مەزكۇر قانۇنغا كۆرە، شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئامېرىكا تاموژنا ۋە چېگرا قوغداش ئىدارىسى تامامەن ياكى قىسمەن ھالدا شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان ھەرقانداق مەھسۇلاتقا مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدىكەن، پەقەت ئىمپورت قىلغۇچىلار مەزكۇر مەھسۇلاتلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن قەتئىي چېتىشلىقى يوقلۇقىنى «ئېنىق ۋە قايىل قىلارلىق» پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىيالىسا، شۇ مەھسۇلات ئاندىن ئامېرىكا بازىرىغا كىرەلەيدىكەن.

خىتاي دېپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى جاۋ لىجيەن بۇ ھەقتە شۇنداق دېگەن: «ئەگەر بۇ قانۇن ئىجرا قىلىنسا، خىتاي ۋە ئامېرىكا شىركەتلىرى ئارىسىدىكى نورمال ھەمكارلىققا ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ، خەلقئارالىق تەمىنات زەنجىرىنى ۋەيران قىلىدۇ ۋە نەتىجىدە ئامېرىكانىڭ ئۆز مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ».

## «شەرقىي تۈركىستان ساقچى ھۆججەتلىرى» ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتۈشىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك

«ئاسىيا تەتقىقات مەركىزى»نىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسىي تەھلىلچىسى ئولۇۋىيا ئېنوس 2-ئىيۇن «مىراس فوندى» تورىدا «<شەرقىي تۈركىستان ساقچى ھۆججەتلىرى> ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك»ناملىق ماقالە ئېلان قىلغان.

ئاپتورنىڭ بىلدۈرۈشىچە، گەرچە ئۇزۇندىن بېرى شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ۋە سۈنئىي ھەمراھدىن تارتىلغان لاگېر رەسىملىرىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق تەتقىقاتچىلىرى خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ قېتىم ئاشكارىلانغان سۈرەتلەر خىتاينىڭ نۆۋەتتىكى جىنايەتلىرىدىن تېنۇېلىشقا زىنھار ئىمكان قالدۇرمىغان.

ئاپتور يەنە دۇنيا مىقياسىدىكى پۈتۈن دۆلەتلەرنى بۇ ھەقتە خىتايغا قارشى تەڭ ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە، تەڭ كەمدە ھېچبىر شەرقىي تۈركىستانلىقنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرمەسلىككە ئۈندىگەن.

## بايدېننىڭ «پاتېنت كەچۈرۈمى تەشەببۇسى»نى قوللىشى ئېترازغا ئۇچرىدى

«thehill» تورىنىڭ 3 ـ ئىيۇندىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدېن يېقىندا دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ تاجسىمان ۋىرۇس ۋاكسىنىلىرى جەھەتتىكى پاتېنت چەكلىمىلىرىنى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى تەشەببۇسىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

گەرچە پرېزىدېنت بايدېن خىتاينىڭ بۇ خىل «پاتېنت كەچۈرۈمى»دىن پايدىلىنالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاينىڭ ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلاش قىلمىشلىرىغا تۇتقان پوزىتسىيەسى ئىزچىل ھالدا يېتەرلىك دەرىجىدە قاتتىق بولمىغان ۋە بۇ خىتاينىڭ داۋاملىق تۈردە ئامېرىكانىڭ ئىلمىي ئەمگەك مېۋىلىرىنى ئوغرىلاپ، ئۆزلىرىنى كۈچلەندۈرۈشكە تۈرتكە بولغان.

ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاينىڭ ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلاش خاھىشىدا ھېچبىر پەسىيىش ئالامىتى كۆرۈلمەيۋاتقان بۈنداق پەيتتە، ئامېرىكا دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ مەزكۇر تەشەببۇسىنى قوللىماسلىقى، ئەكسىچە ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىغا تولىمۇ ھوشيار مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق، ئامېرىكا خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى، شۇنداقلا ئامېرىكانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك ئىكەن.

ئىگىلىنىشىچە، خىتاي بوئىن شىركىتىنىڭ چوڭ تىپلىق ھەربىي يۈك ئايروپىلانلىرىنىڭ سىخېمىسىدىن تارتىپ، نۇرغۇن ئەقلىي مۈلۈكلەرنى ئامېرىكادىن ئوغرىلىغان ۋە ھېلىھەم ئوغرىلاشنى داۋاملاشتۇرماقتا.

## خىتاي تاجسىمان ۋىرۇس ۋاباسى داۋامىدا ئىنقىسىزلىقتا ۋە ئىقتىسادىي ئاستىلاشقا دۇچ كەلمەكتە

«theprint» تورىنىڭ 4 ـ ئىيۇندىكى ماقالىسىدە قەيت قىلىنىشىچە، خىتاي ئۆزىنىڭ «تاجسىمان ۋىرۇستىن ھېچكىم يۇقۇملانماسلىق» سىياسىتى سەۋەبلىك ئىجتىمائىي داۋالغۇشقا ۋە ئىقتىسادىي ئاستىلاشقا دۇچ كەلمەكتە ئىكەن.

مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ھەددىدىن زىيادە قاتتىق قامالى سەۋەبلىك، يېمەكلىك ۋە داۋالاش ئەھتىياجلىرىغا ئېرىشەلمەي بىر نەچچە ھەپتىلەپ ئۆيىگە قاپسىلىپ قالغان ئاھالىلەر بىلەن ھۆكۈمەت ئارىسىدا توقۇنۇش كۆرۈلگەن، ھەتتا يېقىندا قاتتىق قامال قىلىنغان شاڭخەي شەھىرىدە كىشىلەرنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن بىنادىن سەكرەپ ئۆلۈۋېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى ۋىدىيولار تورلاردا كەڭ تارقالغانىدى.

بۇنىڭدىن سىرت، بۇ خىل قاتتىق قامال سەۋەبلىك، خىتاي ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى سۈرئىتىنىڭ 1990 ـ يىللارنىڭ بېشىدىكى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەگە چۈشىدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەن.

يەنە شۇنداقلا، گەرچە بەزى تەھلىلچىلەر «يېقىنقى مەزگىللەردىكى خەلقئارا تاراتقۇلارنىڭ خەۋەرلىرى شى جىنپىڭ بىلەن خىتاي باش مىنىستىرى لى كېچياڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ كۆنسېرى كۆچىيىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ» دەپ قاراشقان بولسىمۇ، مېركاتور خىتاي تەتقىقات يۇرتىنىڭ (MERICS) باش تەھلىلچىسى نىس گرۈنبېرگكە ئوخشاش باشقا تەھلىلچىلەر نۆۋەتتىكى قالايمىقانچىلىقلارنىڭ خىتاي مەركىزىي ھاكىمىيەت ئاپپاراتىغا ھېچقانچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى، بەك بولسا يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىشى بىلەن نەتىجىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە.

## خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرىنىڭ قازاقىستان زىيارىتى داۋامىدا لاگېر مەھبۇسلىرىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزدى

«ئەركىن ياۋروپا رادىيوسى» تورىنىڭ 8 ـ ئىيۇندىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يىنىڭ قازاقىستان زىيارىتى داۋامىدا، بىر قانچە نامايىشچى قازاقىستان پايتەختى نۇرسۇلتاندىكى خىتاي باش ئەلچىخانىسىنىڭ سىرتىغا يىغىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندا قانۇنسىز تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان تۇغقانلىرىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلغان.

نامايىشچىلاردىن بايبولات كۈنبولاتۇلى ئۆزلىرىنىڭ مۇددىئاسى ھەققىدە: «بىز 2016 ـ يىلدىن باشلاپ تۇغقانلىرىمىزنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىپ كېلىۋاتىمىز. بۈگۈن ئىككى دۆلەتنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى كۆرۈشكەندە، بىز يېقىنلىرىمىزنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشنى خالايدىغانلىقىمىزنى ئۇلارغا بىلدۈرۈپ قويماقچى» دېگەن.

خىتاي ئەلچىخانىسىدىن ھېچكىم نامايىشچىلار بىلەن كۆرۈشكىلى چىقمىغان بولسىمۇ، لېكىن بىر خىتاي خىزمەتچى ئەلچىخانا بىناسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا نامايىشچىلارنى ۋىدىيوغا ۋە سۈرەتكە تارتقان.

## ئامېرىكا خىتاي بىلەن بولغان رىقابەتتىكى ئەۋزەللىكىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئاسىيا ئەللىرى بىلەن بولغان دىپلوماتىك ئالاقىنى كۈچەيتمەكتە

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 9 ـ ئىيۇندىكى خەۋىرىگە كۆرە، مەلۇم بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئامېرىكا ئەمەلدارىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، خىتاي بىلەن بولغان گېئوپولىتىك رىقابەت كۈچىيىۋاتقان ئۇشبۇ مەزگىلدە، ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسى پات يېقىندا مالدىۋېدا تۇنجى ئەلچىخانىسىنى ئاچماقچى ئىكەن ۋە ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدېنمۇ ئۆزۈنغا قالماي مالدىۋېغا بارىدىغان تۇنجى ئامېرىكا ئەلچىسىنىڭ ئىسمىنى ئېلان قىلىدىكەن.

ئىگىلىنىشىچە، مالدىۋى تاقىم ئاراللىرىنىڭ يەر كۆلىمى ئارانلا 300 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئاراللار يەرشارى ترانسپورت لىنىيەسى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن توقسان مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق دېڭىز ـ ئوكيانغا سوزۇلغانىكەن.

بۇ ھەقتە، ئامېرىكانىڭ جەنۇبىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىشلىرىغا مەسئۇل دۆلەت سېكرېتارى ياردەمچىسى دونالد لۇ شۇنداق دېگەن: «بۇ شۇ قەدەر مۇھىم جايكى، دۇنيادىكى ئومۇمىي تىجارەت ماللىرىنىڭ قىرىق پىرسەنتى، ئېنېرگىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئاتمىش پىرسەنتى مۇشۇ يەردىن ئۆتىدۇ. ئەگەر بۇ ئارال زەنجىرى مەيلى ھەربىي ياكى باشقا جەھەتلەردە خىتاينىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كەتسە، بۇ بىزنىڭلا ئەمەس، بەلكى شېرىكلىرىمىزنىڭ مەنپەئەتىنىمۇ زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. شۇڭا، بىز مۇمكىنقەدەر تېز سۈرئەتتە بۇ يەردە ئۆز مەۋجۇتلۇقىمىزنى بەرپا قىلماقچى».

## ياۋروپا پارلامېنتى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى «ئېغىر ئىرقىي قىرغىنچىلىق خەۋپى» دەپ ئاتىدى

«ئەركىن ياۋروپا رادىيوسى» تورىنىڭ 9 ـ ئىيۇندىكى خەۋىرىگە كۆرە، ياۋروپا پارلامېنتى 9 ـ ئىيۇن مۇتلەق كۆپ ئاۋاز بىلەن قارار ماقۇللاپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قەبىھ جىنايەتلىرىنى «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت»كە باراۋەر، شۇنداقلا «ئېغىر ئىرقىي قىرغىنچىلىق خەۋپى» شەكىللەندۈرىدۇ

دېگەن. مەزكۇر قاراردا ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ئۇنىڭغا ئەزا دۆلەتلەر «ب د ت ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى جازالاش ئەھدىنامىسى»غا ئاساسەن زۆرۈر تەدبىر قوللىنىپ، بۇ جىنايى زوراۋانلىقنى ئاياغلاشتۇرۇشقا چاقىرىلغان.

شۇنداقلا، مەزكۇر قاراردا ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېتنىڭ بۇ قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىدە خىتاي دائىرىلىرىنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرمىگەنلىكى ئەيىبلەنگەن.

گەرچە بۇ قارار ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بوغۇنغىچە خىتايغا قارشى ئەڭ كۈچلۈك مەيدانىغا ۋەكىللىك قىلسىمۇ، لېكىن سان ـ ساناقسىز پولاتتەك پاكىتلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا، جۈملىدىن مەزكۇر قاراردىمۇ خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئاياللارنى مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىۋاتقانلىقى دېگەندەك پاكىتلارنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىغا قارىماستىن، بۇ قاراردا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان جىنايەتلىرى يەنىلا «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئاتالمىغان بولۇپ، بۇ نۇقتا كىشىنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈرمەي قالمايدۇ.

## ب د ت كىشىلىك ھوقۇق مۇتەخەسسىسلىرى خىتاي دائىرىلىرىنى ئۆزلىرىگە «چەكلىمىسىز زىيارەت» ئىجازىتى بېرىشكە چاقىردى

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئورگان تورىنىڭ 10 ـ ئىيۇندىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ 13 ـ ئىيۇندىكى 50 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان پەيتتە، ب د ت دىكى قىرىقتىن كۆپرەك كىشىلىك ھوقۇق مۇتەخەسسىسى بىرلەشمە باياناتى ئېلان قىلىپ، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېتنىڭ يېقىندىكى خىتاي زىيارىتىدە خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتلىرىنىڭ خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى باھالاش ئۈچۈن ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنىڭ «تەخىرسىزلىكى»نى يوق قىلىۋېتەلمەيدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

ئۇلار باياناتىدا: «خىتاي ھۆكۈمىتى چوقۇم مۇئەييەن ۋە سىستېمىلىق كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى تۈگىتىشى كېرەك» دېگەن ھەمدە خىتاي دائىرىلىرىنى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق سىستېمىسى بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ۋە ئۈچۈق ـ يورۇق ھەمكارلىششقا ئۈندىگەن.

گەرچە بۇ مۇتەخەسسىسلەر شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتتىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ، لېكىن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ كۆلىمى ۋە سالمىقى، جۈملىدىن تېخى يېقىندىلا ئاشكارىلانغان «شەرقىي تۈركىستان ساقچى ھۆججەتلىرى»، شۇنداقلا ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئالاقدار قارارىنى تىلغا ئالمىغان.

## ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ 50 ـ قېتىملىق يىغىنىدا 47 دۆلەت خىتاينى ئەيىبلەپ بىرلەشمە باياناتى ئېلان قىلدى

«ئەلجەزىرە» تورىنىڭ 14 ـ ئىيۇندىكى خەۋىرىگە كۆرە، 14 ـ ئىيۇن ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كېڭىشىنىڭ 50 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنى جەنۋەدە ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، مەزكۇر يىغىندا 47 دۆلەت خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى ئەيىبلەپ بىرلەشمە باياناتى ئېلان قىلغان ھەمدە ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېتنى شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقدار كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتىنى تېزدىن ئېلان قىلىشقا چاقىرغان.

مەزكۇر يىغىندا، گوللاندىيەنىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پائۇل بېكېرس 47 دۆلەتكە ۋاكالىتەن، مىشېل باچېلېتقا خىتابەن سۆز قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىككى يىل ئاۋۋال ئېلان قىلىنىدىغانلىقى ئېيتىلغان دوكلاتنىڭ نېمىشقا ھازىرغىچە ئېلان قىلىنمىغانلىقىنى سورىغان.

ئۇ يەنە شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدا پەۋقۇلئاددە ۋەھىملىك پاكىتلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقانلىقىنى تەكىتلەپ، خىتاينى شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى توختىتىشقا چاقىرغان.

لېكىن، پېشقەدەم كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنىڭ كۆرسەتكىنىدەك، كۈچلۈك ۋە كونكرېت جازا تەدبىرلىرى بولمىغان ئەھۋالدا، ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتلەر كۆپرەك تەكىتلەنگەن بۇ خىل باياناتلارنىڭ خىتاينىڭ جىنايىتىنى توختىتىشقا يەتمەيدىغانلىقى قىل سىغماس ھەقىقەتتۇر.

## «شەرقىي تۈركىستاننى قوللاش» تېمىسىدا مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

«aninews» تورىنىڭ 14 ـ ئىيۇندىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئىسلام دۇنياسىغا تونۇتۇش ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي كومپارتىيىسى بىلەن بولغان كۈرىشىنى قوللاش مەقسىتىدە، ئىسلام زىيالىيلىرى، پارلامېنت ئەزالىرى، قانۇنشۇناسلار، سىياسىيونلار ۋە ژۇرنالىستلارنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن، 12 ـ ئىيۇن ئىستانبۇلدا «شەرقىي تۈركىستاننى قوللاش» تېمىسىدا خەلقئارالىق يىغىن ئۇيۇشتۇرۇلغان.

يىغىندا «دۇنيا مۇسۇلمان ئۆلىمالار بىرلىكى»نىڭ باش كاتىپى ئالى قاراداغى سۆز قىلىپ، ئىسلام دۇنياسىنى شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنى قوللاشقا؛ جۈملىدىن، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدىكى ئالىملارنى ۋە ئىماملارنى ئۆز دۆلىتىدىكى خەلقلەرگە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى تونۇشتۇرۇشقا ۋە خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى ئاشكارىلاشقا؛ بارلىق مۇسۇلمانلارنى خىتاي مەھسۇلاتلىرىنى بايقۇت قىلىشقا چاقىرىق قىلغان.

ئۇ يەنە مۇسۇلمان ئەللەرنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىنى، ئەگەر مۇشۇ پېتى داۋاملىق سۈكۈت قىلىۋەرسە، ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھېساب بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە ئۈندىگەن.

## ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدا ئىجابىي دىيالوگ ئېلىپ بېرىش بارغانسېرى قىيىنلاشماقتا

«نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» تورىنىڭ 16 ـ ئىيۇندىكى ماقالىسىدە مۆلچەرلىنىشىچە، پات يېقىندا «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»نىڭ رەسمىي كۈچكە ئىگە بولۇشى بىلەن، ئەسلىدىنلا جىددىيلىككە تولغان ئامېرىكا ـ خىتاي مۇناسىۋىتى تېخىمۇ يىرىكلىشىدىكەن. خىتاي ئامېرىكانىڭ بۇ جەھەتتىكى تەنقىدلىرىنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ بۇنىڭغا قايتۇرما زەربە بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن خىتاينىڭ كونكرېت قانداق تەدبىر قوللىنىدىغانلىقى ھازىرچە نائېنىق.

ئىگىلىنىشىچە، ئامېرىكادىكى بىر قىسىم پارلامېنت ئەزالىرى «خىتاي ھۆكۈمىتى قەستەن ئۆز خەلقى ئارىسىدا ئەجەللىك ۋىرۇس تارقىتىپ، شۇ ئارقىلىق غەربلىكلەرنى يۇقۇملاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلغانلىقى ۋە بۇ تېپتىكى ئۆزئارا قارىلاش مۇجادىلىلىرىنىڭ توختىماي داۋاملىشىپ تۇرغانلىقى؛ شۇنداقلا خىتاي دۆلەت تاراتقۇلىرىنىڭ خىتاي پۇقرالىرىنى ئامېرىكاغا قارشى كۈشكۈرتۈشى نەتىجىسىدە، ئەسلىدە ئامېرىكاغا خېلىلا مايىللىقى بار خىتاي پۇقرالىرىمۇ ئامېرىكادىن قاتتىق نارازى بولۇشقا باشلىغان. يەنى، ئىككى ھۆكۈمەت ئارىسىدىكى ئۆچ ـ ئاداۋەت مۇقەررەر رەۋىشتە خەلق ئارىسىغىمۇ يېيىلىشقا باشلىغان.

لېكىن، ئامېرىكادا تاراتقۇلار ۋە باشقا ئۇچۇر مەنبەلىرى خىتايدىكىدەك دۆلەت تەرىپىدىن كونترول قىلىنمىغاچقا، ئامېرىكا پۇقرالىرى ئارىسىدا ھېلىھەم ئومۇمىيۈزلۈك خىتايغا قارشى جامائەت پىكرى شەكىللەندۈرۈلمىگەنلىكى مەلۇم.

## ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېت شەرقىي تۈركىستاندىكى زىيارىتىنىڭ قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى

«independent» تورىنىڭ 16-ئىيۇندىكى خەۋىرىگە كۆرە، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېت 15-ئىيۇن جەنۋەدە ئۆتكۈزۈلگەن ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ 50-قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىدا، ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىدىكى تۇسالغۇلار ھەققىدە «(سەپەر جەريانىدا) چەكلىمىلەر بار ئىدى، ھەممە يەرنى قاپلىغان تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسى چەكلىمىلىرى سەۋەبلىك ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر بولدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى زىيارىتىم جەريانىدا، خىتاي ئەمەلدارلىرى باشتىن-ئاخىر يېنىمدىن ئايرىلمىدى» دېگەن.

شۇنداقلا، مىشېل باچېلېت يەنە ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بىرمۇ ئۇيغۇر مەھبۇس بىلەن سۆزلىشىشكە يول قويۇلمىغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستاندا ئەركىن پائالىيەت قىلالمىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ مەزكۇر يىغىنى باشلانغان كۈنى، يەنى 13-ئىيۇن مىشېل باچېلېت ئۆزىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپە مۇددىتىنى تاماملىغاندىن كېيىن، داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە بۇنىڭغا «خۇسۇسىي ئامىللار»نىڭ سەۋەب بولغانلىقىنى ئېيتقانىدى. لېكىن، ئالاقىدار تەھلىلچىلەر مىشېل باچېلېتنىڭ مەغلۇبىيەتلىك شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىدىن قايتىپ كېلىپلا كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنىڭ كۈچلۈك تەنقىدىگە ئۇچرىغانلىقى سەۋەبلىك، مۇشۇنداق قارار چىقارغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشمەكتە.

## ۋولكسۋاگېن شىركىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى زاۋۇتى سەۋەبلىك بارغانسېرى قاتتىق بېسىمغا دۇچ كەلمەكتە

«بلۇمبېرگ» تورىنىڭ 17-ئىيۇندىكى خەۋىرىگە كۆرە، شەرقىي تۈركىستاندا زاۋۇت ئاچقان ۋولكسۋاگېن شىركىتى ئۆزىنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق جىنايەتلىرىگە شېرىك بولغانلىقى توغرىسىدا بارغانسېرى كۈچلۈك ئەيىبلەشلەرگە دۇچ كەلگەن ۋە نازارەتچىلىك ھەيئىتى ئەزاسى جوئېرگ خوفمان: «گەرچە ۋولكسۋاگېن شىركىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زاۋۇتىدا بىرەر سىنىڭ خورلانغانلىقىغا ئائىت ھېچقانداق پاكىت بولمىسىمۇ، ئەمما شىركەت بۇ ھەقتىكى ئەيىبلەشلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈشى كېرەك» دېگەن.

شىركەتنىڭ باشقا مەسئۇللىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ يەرشارى مىقياسىدىكى تەمىنات زەنجىرىدە مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىلىش ئەھۋاللىرى يوقلۇقىنى، شەرقىي تۈركىستاندىمۇ بۇ خىل ئەھۋال كۆرۈلمەيدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

ھالبۇكى، گېرمانىيە ھۆكۈمىتى كىشىلىك ھوقۇق ئەندىشىلىرى سەۋەبلىك، يېقىندا ۋولكسۋاگېن شىركىتىنىڭ خىتايدىكى تىجارىتى ئۈچۈن خەتەر سۇغۇرتىسىنى يېڭىلاش تەلىپىنى رەت قىلغان.

ئىگىلىنىشىچە، خىتاي ۋولكسۋاگېننىڭ ئەڭ چوڭ بازىرى بولۇپ، مەزكۇر شىركەتنىڭ ئومۇمىي سېتىلىش مىقدارىنىڭ تەخمىنەن قىرىق پىرسەنتى خىتاي بازىرىدىن كېلىدىكەن.

## «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»نىڭ كۆزلىگەندەك ئۈنۈم بېرىش ـ بەرمەسلىكى گۇمان قوزغىماقتا

«خەۋەر ھەپتىلىكى» تورىنىڭ 21 ـ ئىيۇندىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، 21 ـ ئىيۇن رەسمىي كۈچكە ئىگە بولغان «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى» داۋاملىق خىتايدا تىجارەت قىلىدىغان ئامېرىكا كارخانىلىرىنى يېڭى مەسىلىگە دۇچار قىلىدىكەن. خىتاينىڭ دۇنيادىكى پاختا تەمىناتىنىڭ يىگىرمە پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئىچىدىكى سەكسەن پىرسەنت پاختىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، كىيىم ـ كېچەك ساھەسىدىكى شىركەتلەر بۇ قانۇننىڭ ئەڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرايدىكەن.

مەلۇم بولۇشىچە، «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى» يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرىلا شەرقىي تۈركىستاندا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان. سېتىۋالغۇچىلار ئامېرىكانىڭ جازاسىدىن ئەنسىرەپ، باشقا مەنبەلەرنى ئىزدەشكە باشلىغاچقا، بىر مەھەل دۇنيادىكى ئەڭ قىممەت پاختا بولغان شەرقىي تۈركىستان پاختىسىنىڭ باھاسى خېلىلا تۆۋەنلەپ كەتكەن ۋە بۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى پاختا ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئۈچۈن يېڭى خېرىدار تېپىپ بېرىش جەھەتتە كاللا قاتۇرۇشقا قىستىغان.

ھالبۇكى، «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»نىڭ ئوتتۇرا ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك تەسىرى يەنىلا نائېنىق بولسىمۇ، تەھلىلچىلەر: «بۇ قانۇن ئاخىرىدا يەنىلا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، چۈنكى ئامېرىكا كارخانىلىرى شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان خىتاي بازىرىغا بەكلا ئېغىر تايىنىپ قېلىپقالىدۇ» دەپ قارىماقتا.

## جوۋ بايدېن «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»نى تولۇق ئىجرا قىلىشتا بېسىمغا دۇچ كەلمەكتە

«ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى» تورىنىڭ 23 ـ ئىيۇندىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، بۇلتۇر 12 ـ ئايدا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە ماقۇللىنىپ، پرېزىدېنت جوۋ بايدېن تەرىپىدىن ئىمزالانغان «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى» 21 ـ ئىيۇن رەسمىي كۈچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، بىر قىسىم ئەمەلدارلار ۋە شىركەتلەر مەزكۇر قانۇننىڭ قاتتىق ئىجرا قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قاتتىق شاپاشلاشقا باشلىغان.

مەلۇم بولۇشىچە، بايدېن ھۆكۈمىتىدىكى بەزى ئەمەلدارلار، جۈملىدىن بايدېننىڭ ئالاھىدە كىلىمات ئەلچىسى جون كېرىي بۇلتۇردىن تارتىپ «كىشىلىك ھوقۇقتا كۆڭۈل بۆلۈش ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ مۇناسىۋىتىگە توسقۇنلۇق قىلماسلىقى كېرەك» دېگەن مەۋقەسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن بولۇپ، نۆۋەتتە بۇ خىل سادالار يەنە قايتىدىن باش كۆتۈرگەن.

لېكىن، بۇلتۇرقىغا ئوخشىمايدىغىنى، بايدېن نۆۋەتتە دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ دۆلەت مەجلىسىنى داۋاملىق تىزگىنلىشىگە، ھەتتا ئۆزىنىڭ قايتا سايلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئىقتىسادىي كىرىزىس

خەۋپىگە دۇچ كەلگەن بولۇپ، مۇشۇ خىل ھالقىلىق پەيتتە ئۇنىڭ يەنە خىتايدىن ئىبارەت چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدىگە قارىتا قاتتىق مەيدانىنى داۋاملاشتۇرىدىغان ـ داۋاملاشتۇرمايدىغانلىقى نامەلۇم ئىكەن.

بۇ ھەقتىكى ئەندىشىلەرنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى سۇپېتىدە، ئاقساراي بۇ ئايدا جىددىي بايانات ئېلان قىلىپ، بەزى زاپچاسلىرى شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان قۇياش ئېنېرگىيەلىك باتارېيە تاختىسىدىن ئېلىنىدىغان كەلگۈسى ئىككى يىللىق تاموژنا بېجىنى كەچۈرۈم قىلغانلىقىنى ئېلان قىلغان، ھالبۇكى بۇ قارار ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىقىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەكشۈرۈشىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق ئىدى.

بۇ خىل رېئاللىقلار مۇتەخەسسىسلەر ئارىسىدا «بايدېن ھۆكۈمىتى <ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى>نى ئۆزى دەسلەپتە ۋەدە قىلغانىدەك قاتتىق ئىجرا قىلماسلىقى مۇمكىن» دېگەن ئەندىشىگە سەۋەب بولماقتا.

## نۇرى تۈركەل ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى

«baptistnews» تورىنىڭ 23 ـ ئىيۇندىكى خەۋىرىگە كۆرە، تۇنجى قېتىم بىر ئۇيغۇر، يەنى نۇرى تۈركەل ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان بولۇپ، ئۇ مەزكۇر كومىتېتتىكى كومىسسارلارنىڭ بىردەك ئاۋازىغا ئېرىشكەن. ئابراھام كۇپېر ئىسىملىك بىر يەھۇدىي ئۇنىڭ مۇئاۋىنى بولۇپ سايلانغان.

نۇرى تۈركەل 2020 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىنىڭ رەئىسى نەنسىي پېلوسى تەرىپىدىن ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتىنىڭ كومىسسارلىقىغا؛ 2021 ـ يىلى 15 ـ ئىيۇن كۈنى ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەنىدى.

## نايك شىركىتى ئىككىيۈزلىمىچىلىك قىلماقتا

«washingtonexaminer» تورىنىڭ 24 ـ ئىيۇندىكى خەۋىرىگە كۆرە، رۇسىيە ئۇكرائىناغا ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن رۇسىيە بازىرىدىن چېكىنىپ چىققان نۇرغۇن شىركەتلەر قاتارىدا داڭلىق تەنتەربىيە بۇيۇملىرى ماركىسى نايكمۇ بار بولسىمۇ، ئەمما مەزكۇر شىركەت خىتايغا قارشى ئوخشاش تۇتۇمنى ئىپادىلەش بىر ياقتا تۇرسۇن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىزچىل ھالدا خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇشقا تىرىشىپ كەلگەن.

نايك شىركىتى بۇ يىل ئۈچىنچى ئايدا رۇسىيەدىكى دۇكانلىرىنى ۋاقىتلىق تاقىغان بولۇپ، 23 ـ ئىيۇن رۇسىيە بازىرىدىن چېكىنىپ چىقىدىغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىغان. لېكىن، شەرقىي تۈركىستاندا، تىبەتتە، خوڭكوڭدا سان ـ ساناقسىز جىنايەتلەرنى سادىر قىلىۋاتقان خىتايغا قارىتا، نايك ھېچقانداق نارازىلىقىنى بىلدۈرمەيلا قالماستىن، ھەتتا بۇلتۇرنىڭ ئاخىرىدا «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى» جوۋ بايدېن تەرىپىدىن ئىمزالىنىشتىن ئىلگىرى، مەزكۇر قانۇننىڭ ماقۇللىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئامېرىكا پارلامېنت ئەزالىرىغا قارىتا سالاچىلىق قىلغان.

## شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ئۆزۈن مۇددەتكىچە دىققىتىنى خىتايغا مەركەزلەشتۈرىدۇ

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 24 ـ ئىيۇندىكى خەۋىرىگە كۆرە، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى ئالدىمىزدىكى ھەپتە ئىسپانىيەدە يىغىلىپ، ئۇكرائىنا ئۇرۇشى ۋە رۇسىيەنىڭ ياۋروپادىكى تاجاۋۇزىنىڭ تېخىمۇ ئەدەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا مۇزاكىرىلىشىدىكەن.

لېكىن، مەزكۇر ھەربىي ئىتتىپاقنىڭ ئەڭ يېقىنقى سىگناللىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ بۇ قېتىمقى باشلىقلار يىغىنىدا خىتاي شەكىللەندۈرگەن تەھدىتمۇ مۇھاكىمە قىلىنىدىكەن، شۇنداقلا بۇ ھەقتىكى مۇھاكىمە ئىلگىرىكى ھەرقانداق يىغىنلاردىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ بىۋاستە بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

شۇنداقلا، ياپونىيە، كورېيە، ئاۋستىرالىيە ۋە يېڭى زېلاندىيەدىن ئىبارەت  شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا بولمىغان، ئەمما خىتاينىڭ تەسىرى ۋە تەھدىتىدىن بىئارام بولۇۋاتقان تۆت دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرى تۇنجى قېتىم بۇ يىغىنغا تەڭ ئىشتىراك قىلىدىكەن.

مەلۇم بولۇشىچە، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ 2020 ـ يىلىدىكى باياناتىدا تۇنجى قېتىم خىتاي تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، پەقەت «خىتاي ھەم پۇرسەت، ھەم خەۋپ ئېلىپ كېلىدۇ» دېيىلىش بىلەن كۇپايىلىنىلگەن. ھالبۇكى، 2021 ـ يىلىدىكى بىرلەشمە باياناتىدا: «خىتاي قائىدىلەر ئاساسىدىكى خەلقئارالىق تەرتىپكە سىستېمىلىق رەۋىشتە خىرىس قىلماقتا» دېيىلگەن ۋە خىتاينىڭ «مەجبۇرلاش» سىياسەتلىرى، ھەربىي جەھەتتىكى يوشۇرۇن زامانىۋىلىشىش ئۇرۇنۇشلىرى، ساختا ئۇچۇر تارقىتىش قىلمىشلىرى، شۇنداقلا ياۋرو ـ ئاتلانتىك رايونىدا رۇسىيە بىلەن بىرلەشمە مانېۋىر ئۆتكۈزگەنلىكى تەنقىدلەنگەن.

تەھلىلچىلەر شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ خىتايغا قارشى تۇتۇمىدىكى بۇ خىل تەدرىجىي ئۆزگىرىشلەرگە بىنائەن، بۇ تەشكىلاتنىڭ دىققىتىنى خىتايغا مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت تۇتۇمى ئۇزۇن مۇددەتكىچە ئۆزگەرمەيدۇ، دەپ مۆلچەرلەشمەكتە.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



جۇ پاۋلوۋ

ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچلۈك قوللىغۇچىسى، خىتايغا قارشى سىياسىيون ھۆرمەتلىك جۇ پاۋلوۋ ئەپەندى



ئۇيغۇرلار
The Uyghurs
ئۇيغۇر مەدەنىيتى ۋە مەۋجۇدىيتىنىڭ ژۇرنىلى
The Magazine of the Uyghur Culture and Survival
غەيۋەتنى ئۆچمەنلەر تاپىدۇ، ئەخمەقلەر تارقىتىدۇ، دۆتلەر ئىشىنىدۇ. - زىياد ئابدىلنۇر